WILLIAM SHAKESPEARE



# شېكسپىر سونېتلىرى

# شېكسپىر سونېتلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: جاسارەت تاش



ILLIAMSHAKESPEARE

1564 — 1616

www.uyghurkitap.com

责任编辑:穆罕默德·伊明
责任校对:胡达拜地·合利力

**图书在版编目(CIP)数据**

莎士比亚十四行诗集 : 维吾尔文/ (英) 莎士比亚著;贾沙莱提·塔石译. -北京:民族出版社,1999.10

ISBN 7-105-03506-4

Ⅰ.莎… Ⅱ.①莎… ②贾… Ⅲ.诗歌-作品集-英国-中世纪-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I561.23

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 20691 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编:100013)
民族出版社微机照排 新疆畜牧印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999 年 9 月第 1 版 1999 年 9 月乌鲁木齐第 1 次印刷
开本: 787×1092 毫米 1/32 印张:5.5
印数:0001—3000 册 定价:7.20 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۆۋەندىكى سونېتلارنىڭ بىرىنىبىر تۈرتكۈچىسى—ۋ.خ ئەپەندىگە بېغىشلايمەن، ئۇنىڭ چەكسىز بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر بولۇشىنى ھەمدە ئۆلمەس شائىردىمىز ئېيتقان مەڭگۈ ئۆچمەس نامشۆھرەتتىن بەھرىمەن بولۇشىنى تىلەيمەن.

—ت. ت

# 1

ئۇرسا دەيمىز مەڭگۈ ئىسسىق مەۋجۇداتلار بەرق،
شۇندا بولماس گۈزەللىكنىڭ گۈللىرى خازان،
ۋاقىت جاننى ھالاكەتكە قىلسىمۇ ھەم غەرق،
چىقىپ تۇرار ئۇنىڭ سەرخىل ئىزچىسى ھامان.
نۇرلۇق، شەھلا كۆزۈڭ بىلەن تويلىشىپ بىراق،
كۆيدۈردۈڭسەن چوغدەك يېنىپ ئايدەك يۈزۈڭنى،
باي زېمىندا پەيدا قىلىپ نامراتلىق—پىراق،
ئۇچراتتىڭسەن زور زىيانغا قەستلەپ ئۆزۈڭنى.
ئالەمدىكى يارقىن، نەپىس بېزەكسەن بۈگۈن،
نەۋ باھارغا يولنى سەنلا بېرەرسەن ئېچىپ،
ئەمما، كۆمۈپ غۇنچەڭ ئارا جىسمىڭنى پۈتۈن،
بېخىللىقتا بايلىقىڭنى ئۆتەرسەن چېچىپ.
بۇ دۇنياغا ئىچ ئاغرىتىپ قويساڭچۇ قاراپ،
قەبرەڭ تامان كەتمە ئۇنىڭ مۈلكىنى تالاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2

قىلىپ نۇرلۇق پېشانەڭگە قىرىق قىش ھۇجۇم،
قازسا گۈزەل باغلىرىڭدا خەندەكلەر ئەگەر،
قىممىتى يوق خەس-غازاڭغا ئايلىنار چوقۇم،
يېتىپ ياشلىق كىمخابىڭغا كۆپ نۇقسان-زەرەر.
شۇ پەيت بىرى سوراپ قالسا: ”يوقالدى قايان
زىبالىقىڭ—ياشلىقىڭنىڭ يارقىن جۇلاسى؟“
بولۇر چوڭقۇر كۆزلىرىڭدە جاۋابىڭ ئايان:
قۇرۇق ماختاش، نومۇسسىزلىق، نەپس بالاسى.
سەن ناۋادا دېسەڭ: ”ئوماق دىلپارەم-بالام
كەلگۈسىدە قەرزلىرىمنى قايتۇرار تولۇق.“
شۇندا ئەيلەپ گۈزەللىكنى ئەۋلادىڭ داۋام،
قىلغان ئەجىر-مېھنەتلىرىڭ تاپار شان-ئۇتۇق.
ياشانغاندا خۇش ھەم چېچەپ گۈلياشلىق بېغىڭ،
ئۇتتەك قىزىپ قايىنار يەنە سوۋۇغان قېنىڭ.

# 3

ئەينەكتىكى روخسارىڭغا سال ئوبدان نەزەر،
ئەمدى شەرتتۇر يېڭى ھۆسن تۈزىمەك ساڭا.
كۆز بوياشتۇر، نۇرانىلىق تاپماستىن ئەگەر،
ئانا بولۇش شەرىپىنى بەرمىسەڭ ئاڭا.
قايسى پەرى رەت ئەيلىسۇن چاچساڭ دان-ئۇرۇق
كەتمەن، ساپان تەگمىگەن بوز يېرىنى ئېچىپ؟
قايسى نادان ئەر مۇھەببەت— ئىشقىنى تولۇق
دەپنە قىلسۇن، پەرزەنت-ئەۋلاد كۆرۈشتىن قېچىپ؟
سەن— ئاناڭنىڭ ئەينىكى، ئۇ كۆرىدۇ ھامان
ۋۇجۇدۇڭدىن ھاياتىنىڭ باھار پەسلىنى،
قىلار يىللار پەرزەنتىڭدە ياشانسا ئايان
ياشلىقىڭنىڭ زەردەك ئېسىل پەيتى— ئەسلىنى.
ياشىساڭمۇ، سېنى خەق ياد ئەتمىسە ئەگەر،
تەنها ئۆلۈپ، چىرايىڭدىن قالدۇرما ئەسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 4

گۈزەللىكنىڭ مىراسىنى جىسمىڭدىن جۇدا
ئەتمەكتىسەن بەدخەجلىكتىن قول ئۈزمەي ئەجەب؟
گۈزەللىكنى تارتۇق قىلماس ئەزەلدىن خۇدا،
ئۆتنە بېرىپ، سېخىيلىقتا قۇچار شان-شەرەپ.
ئەي جەزبدار بېخىل، ساقلاپ قالمايسەن نېچۈن
ئەۋلادىڭغا سوۋغا بولمىش ئۈزلۈق، سۈباتنى؟
جازانىخور، ئۆسۈمىنى ئالمايسەن نېچۈن
قەرزگە بېرىپ جىسمىڭدىكى بايلىق—ھاياتنى؟
ئۆزۈڭ بىلەن سودىلىشىپ ئۆتىسەن پەقەت،
بۇ، ھۆرگە خاس سىياقىڭنى ئالداشتۇر، خالاس.
شۇنداق تۇرۇپ، ساڭا قۇچاق ئاچقاندا لەھەت،
بۇ ئالەمدە قالدۇرارسەن نېمەڭنى مىراس؟
بوزگۈزەللىك سەن بىلەن تەڭ ئەيلىنەر خاراب،
ئىشلەنگىنى ئىستەكنى گۈل ئاچقۇزار ياشاپ.

# 5

چىقسا ۋاقىت ئەيلەپ سىپتا ھۇنەرنى ئايان،
ئەلنى مەپتۇن قىلمىش شەھلا كۆزلەرنى ياساپ،
بىر چاغلاردا بولۇپ يەنە يالماۋۇز—قاۋان،
ئىتەر كۆزدە جۇلالىغان نۇرلارنى خاراب.
تىنىم تاپماس ۋاقىت يازنى كەتكەندە باشلاپ،
ۋەھىمىلىك قىش زىمىنگە يايىدۇ ئىتەك،
غىرىبسىنار دەرەخ يىشىل تونىنى تاشلاپ،
قار ئاستىغا مەھكۇم ئۇنىڭ ياپرىقى، دىمەك.
قالدۇرمىسا ياز ئىپارى—ھىدىدىن ئەسەر،
شەرتتۇر ئۇنى شىشە ئىچرە ئەيلىمەك قامال،
گۇزەللىكنىڭ تەۋەررۇكى بولمىسا ئەگەر،
ھىچكىم ئۇنىڭ قىلماس شۆھرەت-شانىنى خىيال.
گۇل جەۋھىرى—ئەتىر جۇدۇن-قىشتىمۇ ھامان
خۇش پۇرىقى—قىممىتىنى ساقلايدۇ ئامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 6

تەق قىلغۇچە ئىپارىڭنى، قالدۇرما كاۋاك
سىلىشىڭغا قىشنىڭ ھۆسىن يازىڭغا چاڭگال،
تولدۇر ئەتىر شىشەڭگە لىق، بولماستا ھالاك
قوي گۈزەللىك بايلىقىڭنى ئامبارغا دەرھال.
بۇ، قىلغانلىق ئەمەس ئۆسۈم-پايدىنى بىكار،
قەرز ئالغۇچى بۇنىڭدىن ھەم شادلىنار ھامان،
سەندەك ئوغۇل تېپىشىڭغا ئۇ بەك ئىنتىزار،
ئۇننى تاپساڭ، ئون خۇشاللىق ئەيلىنەر ئايان.
ئون بالاڭدا ئەكس ئەتسە ئون چىراي-چېھرىڭ،
ئۇنغا يەتكەي سەندىكى بىر— تەنھا قىياپەت،
ئەۋلادىڭغا كۆچسە سىنىڭ ھاياتىڭ-مېھرىڭ،
قىلالامدۇ گۈلۈڭنى خەس ئەزرائىل-ئاپەت؟
قىلما كاجلىق، بارچە ئۈزلۈق بولغان ساڭا جەم،
تويماس قۇرت يەپ كەتمىسۇن ئەيلەپ سېنى يەم.

## 7

كۆر، مەشرىقتىن چىقتى بالقىپ چوغسىمان قۇياش
زەر نۇرىدا مەۋجۇداتقا بېغىشلاپ ئارام،
ھەممە كۆزلەر ئوتتەك ھەۋەس ئىچرە ئېگىپ باش،
بەردى ئۇنىڭ مۇقەددەس كۈچ-مېھرىگە سالام.
گويا پالۋان يىگىت چەكسىز قۇدرەتكە چۆمۈپ،
تۇرار مەغرۇر، چىقىپ كۆكنىڭ يۈكسەك قەرىگە،
ئۇ باسقان زەر يولغا مىليون كۆزلەر تەلپۈنۈپ،
زوقى بىرلە باققاي ئۇنىڭ جەسۇر قەددىگە.
ئولتۇرغاندا ئۇ چارچىغان مەيگە بىراق،
چۈشەر كۈندۈز ئاسمىنىدىن قالغاندەك قېرىپ،
كۆزلەردىكى ھەۋەس، ھۆرمەت قوغلىنىپ يىراق،
باشقا بىر كەڭ-داغدام يولغا قارار زەن سېلىپ.
قۇياش يەڭلىغ پارلاق، ئالتۇن رۇخسار يار ساڭا،
قالدۇرمىساڭ ئەۋلاد، ھالىڭ ئوخشىغاي ئاڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 8

سەن—كۆي، نېچۈن كۆينى ئاڭلاپ چېكىسەن پىغان؟
بال ئاتماس مۇشت بالغا، شادلىق شادلىققا ئامراق.
پىغان بىرلە تىڭشاپ سۆيگەن نەرسەڭنى هامان،
بولدۇڭ ئەجەب خۇشلۇق ئارا ھەسرەتكە مۇشتاق؟
چىقىپ سازلار تەڭكىشىدىن يېقىملىق ناۋا،
چېھرىڭدىكى خۇش خۇيلۇقنى كەتمەكتە تارتىپ،
بىل، ئۇ سىيلىق تەلەپپۇزدا بولماقتا خاپا،
بارچە يۈكنى ئالما، دەپ، ئۆز ئۈستۈڭگە ئارتىپ.
ئاڭلا، گويا بوم، زىل تارلار ئىناق ئەر-ئايال،
تەگسە زەخمەك، ئۇندا ئۇرار جۇشقۇن كۆي تەڭ بەرق،
چۈشسە خورغا ئاتا-ئانا، پەرزەنتلەر خۇشال،
بارچە دىللار بولۇر سەرخىل شۇ نەغمىگە غەرق.
ئۇلارنىڭ بۇ سۆز-تېكىستسىز ناخشىسى ساڭا
دەيدۇ:”تەنها ئۆتسەڭ، چىقماس سەندىن ھېچ سادا.“

## 9

ئاقمىسۇن، دەپ تۇل خوتۇنلار كۆزلىرىدىن ياش،
بويتاقلىقتا گۈل ئۆمرۈڭنى ئەيلەمسەن خازان؟
ئاھ، كۆرمەستىن پەرزەنت يۈزى قويساڭ گۆرگە باش،
خۇددى ئەرسىز—تۇل خوتۇندەك يىغلايدۇ جاھان.
ئۆزگە تۇللار تاشلاپ پەرزەنت كۆزىگە نەزەر،
ئەرلىرىنىڭ چىرايىنى ساقلىسا ئەستە،
ئالەم يىغلار قويمىدىڭ، دەپ ھۆسنىڭدىن ئەسەر،
ھايات قالغان مەھبۇبەڭدەك بولۇپ دىلخەستە.
كۆر، دۇنيادا بۇزۇپ چاچسا پۇلىنى ساياق،
يۈتمەس، ئۇندىن بەھرىلىنەر ئۆزگىلەر، دېمەك،
سەرپ ئەتكەن گۈزەللىكتىن قالماس ئىز بىراق،
نابۇت بولۇر ئىگىسىدە، قىلمىسا كېرەك.
تۇرسا بۇ دىل ئۆز-ئۆزگە رەھىمسىز قاتىل،
ئۆزگە دىلنى سۆيگۈسىگە ئەيلەرمۇ نائىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 10

سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە ئاجىز-بىچارە چاغلاپ،
خىجىللىقتا قىلدىڭ ئوتلۇق سۆيگۈڭنى ئىنكار.
خەقلەر ساڭا يۇرسىمۇ دىل رىشتىنى باغلاپ،
ئەمما ئاڭا نىگاھ تاشلاپ قويمىدىڭ زىنهار.
چۈنكى قۇتراپ ۋۇجۇدۇڭدا ئاداۋەت—زەھەر،
ئۇندەر سېنى ئۆز-ئۆزۈڭنى قىلىشقا خاراب.
ئۇ، ۋەيران قىل، دېسە كۆركەم قەسرىڭنى ئەگەر،
چىقمىدىڭ شەرت بۇنىڭدىنمۇ ھەيۋەتلىك ياساپ.
سەن ئۆزگەرسەڭ، ئۆزگىرەر ھەم مەندىكى قاراش،
مۇھەببەتتىن قانداق ئۇستۇن تۇرسۇن ئاداۋەت؟
بولسۇن دىلىڭ رۇخسارىڭدەك يېقىملىق، ياۋاش،
ھېچ بولمىسا، قىل ئۆزۈڭگە شەپقەت-شاپائەت.
سۆيسەڭ مېنى، قايتا بىر رەت ئۆزۈڭنى يارات،
تاپسۇن ئۆزۈڭ يا ئوغلۇڭدا گۈزەللىك مۇرات.

## 11

خازان بولسا ھۆسۈن گۈلۈك—گۈزەللىك بېغىڭ،
پەرزەنتىڭنىڭ ۋۇجۇدىدا چاچار خۇش پۇراق،
ئۆمۈر قىشىڭ يۈز ئاچسىمۇ، باھاردەك چېغىڭ
سەن قاتارغا قوشقان جاندا تاپار شان، روناق.
بار گۈزەللىك، ئەقىل-ئىدراك، كۈچ سەندە ھازىر،
ئەۋلادىڭسىز زاھىر دۆتلۈك، قېرىلىق پەقەت.
ئەمەس ئىنسان نەچچە يۈز يىل ياشاشقا قادىر،
ئۆتسە ئاتمىش ئاياز، باھار چاقىرار لەھەت.
قىلىۋەرمەس جىمى شەيئى-نەرسىگە نېسىپ
كۆركەم سىياق، پەم-پاراسەت، ئەۋلادنى خۇدا،
كاتتا ئىنئام ئالدىڭ ئۇنىڭ دىتىغا يېقىپ،
بۇ سوۋغىنى ئەتمە سۆيگۈ مېھرىڭدىن جۇدا.
تەڭرى سېنى ياساپ، قىلدى ئۆزىگە مۆھۈر،
ئۆپرىماسسەن ئىشلەتسىمۇ تۆمەنمىڭ ئۆمۈر.

## 12

مەن ھېسابلاپ تام سائەتنى سايرىغان چاغنى،
كۆردۈم: كۈندۈز جۇلاسىنى قىلدى تۈن ئەسىر.
تۇرسام كۆرۈپ خارابلاشقان گۈللەرنى — باغنى،
سالدى قىرو قۇندۇز كەبى چېچىمغا قەسىر.
تۆكۈلۈپتۇ شاخنىڭ ئىپسىل زىننىتى-ياپراق،
ئۇ، ئارامگاھ-سايە ئىدى چوپانغا بۇرۇن.
يېشىل چۆپلەر ئىلىپ تۇس-رەڭ ساقالدەك ئاپئاق،
تۇتقان تاۋۇت ھارۋىسىدىن باغلىنىپ ئورۇن.
قاقتى شۇئان خىيالىمدا گۈل چېھرىڭ قانات،
يېتەر ۋاقىت زۇلمىتىگە قەدىمىڭ ھامان،
ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ شېرىن، جەزبدار ھايات،
بوغۇنلارنى كۆرسە، بولغاي گۆرگە تېز راۋان.
ھېچكىم ۋاقىت ئورغىقىنى توسالماس ئەبەت،
ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئۇنى نەسلىڭ مات قىلار پەقەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 13

سەن ئۆزۈڭگە تەئەللۇقكى، مەشۇقۇم، بىراق
بولساڭ ھايات ئۆمۈر تۇغۇلۇك قىلغۇسى جەۋلان،
ئەزرائىلنىڭ پۇت-قولىغا سىلىنغاي تاقاق،
سۇرسە ئۆزگە تەندە زىبا قامىتىڭ دەۋران.
ئۆتمەس قەرەل-مۇددىتى سەن ئىجارە ئالغان
گۈزەللىكىنىڭ، ھاياتىڭغا يەتسىمۇ زاۋال،
كۆندەك يەنە نۇرلىنارسەن، ئوغلۇڭغا قالغان
جەزبگە باي سۇلكەتلىرىڭ تاپقاندا كامال.
تۇرماس ھېچكىم كاتتا قەسىر ئۆرۈلسە قاراپ،
سأقلار ئۇنىڭ شۆھرىتىنى بىرىپ زور بەدەل،
باش ئۇرىدۇ ئاڭا جۇدۇن-چاپقۇن ھالسىراپ،
زەربىسىدىن يەيدۇ پەشۋا رەھىمسىز ئەجەل.
دوستۇم، ساياق بولمىساڭلا بىلگىن: بار ئاتاڭ،
خۇددى سەندەك ئاتىسىدىن شادلانسۇن بالاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 14

ھۆكۈملىرىم كەلگەن ئەمەس يۇلتۇزدىن ماڭا،
بىراق باردۇر بۇندىن ئازراق ساۋادىم پەقەت،
بىرەلمەسمەن ئۇنىڭ بىلەن بىشارەت ساڭا
ياخشى-يامان قىسمەت، ۋابا، پەسىلدىن ئەبەت.
ئالمىغاچقا مەن ئەرشىنىڭ ۋەھىدىن دېرەك،
سالالماسمەن شاھ-خاقانلار ئىقبالىغا رەم،
بىلەلمەيمەن چۆرگىلەمدۇ ئوڭ-تەتۈر پەلەك،
چاقماق چېقىپ يامغۇر-يېشىن ياغار قايسى دەم.
ئەمما، شەھلا كۆزلىرىڭدىن ئالدىم دەرس-ساۋات،
مەڭگۇ ئۆچمەس يۇلتۇزدا مول تەلىمات ئايان،
ئۇ دەر: چىنلىق، گۈزەللىك تەڭ يايغۇسى قانات،
ئاۋۇپ بارسا ئەۋلادلىرىڭ گۈللىنىپ ماكان.
بولمىسا، مەن ساڭا ئالدىن يەتكۈزەي خەۋەر:
تۈگەر چىنلىق، گۈزەللىكمۇ كۆز يۇمساڭ ئەگەر.

# 15

خىيالىمدىن كەچتى: ئەجەل ئاچىدۇ قويۇن
بارچە جانلىق تاپسا نۇسرەت، ئۆتمەستىن ھايال،
پانىي ئالەم سەھنىسىدە ئوينىلار ئويۇن
بولۇپ قىسمەت يۇلتۇزىنىڭ تورىغا قامال.
كۆردۈم: ئىنسان كۆكلەرگويا گىياھتەك ئۆسۈپ،
ئالار كۆكتىن مەدەت، بەيئەت قىلار ئاڭا ھەم،
ياشلىق شامى نۇرلار چېچىپ قالىدۇ ئۆچۈپ،
جاسارىتى بولۇر ئاخىر زەئىپلىككە يەم.
شۇڭا، ئەيلەر بۇ تۇراقسىز، غەلىتە خىيال
كۆز ئالدىمدا گۈزەل ياشلىق چېغىڭنى ئايان،
تۈنگە ياشلىق كۈندۈزۈڭنى بولسۇن، دەپ قامال،
چىرىكلىك ھەم بوش ئۆتكەن چاغ تۈزۈشەر پىلان.
سۆيگۈڭ ئۈچۈن مەن ۋاقتىقا باشلىدىم ھۇجۇم،
كەسسە سېنى، يېڭى شاخقا ئۇلايمەن چوقۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 16

ئىنتىلمەيسەن قۇدرىتىڭدىن تېپىپ بىر ئامال،
قانخور خاقان—ۋاقىتقا ئوت ئېچىشقا نېچۈن؟
قىلىپ قاقشال شېئىرىمنى مۇقەددەس قورال،
ياشانغاندا گۈلدەك پۈراق چېچىشقا نېچۈن؟
ساڭا بۇ دەم هاياتلىقنىڭ ئالتۇن دەۋرى يار،
تېخى ئۆرۈق چېچىلمىغان نۇرغۇن باغۋاران
تىلەر: سەندە سۈلماس گۈللەر تارقاتسا ئىپار،
ئۇندا جىلۋە ئەتسە يارقىن قەددىڭ، دەپ هامان.
هاياتتىنلا تاپار هايات قايتا كۈچ-مەدەت؛
ۋاقىت ياكى مەندىكى بۇ چولتا-گال قەلەم
گۈل قامىتىڭ، ساب قەلبىڭنى سىزالماس پەقەت،
ئەل كۆزىدە سېنى مەڭگۈ چاقنىتالماس هەم.
سەن ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ، قالدۇر هاياتىڭدىن ئىز،
كۆكلەپ تۇراي دېسەڭ يۇمران شاخلىرىڭنى سىز.

## 17

كەلگۈسىدە كىم ئىشەنگەي، نەزمەمدە مېنىڭ
بارچە يۈكسەك پەزىلىتىڭ ئەيلەنسە ئايان؟
تەڭرى بىلەر: نەزمەم—قەبرە؛ بار ئۇندا سېنىڭ
ئۆمرۈڭ؛ قالغان ئاي چېھرىڭنىڭ يېرىمى ئاران.
ئەتسەم ئاھۇ كۆزلىرىڭنى قەلەمدە زاھىر،
ساپ كۈيلەرگە قاتسام زىبا قەددىڭنى ئۇدا،
كۆرۈپ ئەۋلاد دېگەي: بەك پو ئېتىپتۇ شائىر،
سىزالمايدۇ ئىنسانلارنىڭ يۈزىنى خۇدا.
شۇڭا، نەزمەم قەدىرلەنمەس سارغىيىپ بېتى،
مەن ئالارمەن ۋالاقتەككۈر قېرى، دەپ ئاتاق،
تەسۋىرىڭنى دەر: ئالجىغان شائىرنىڭ گېپى
يا رېئاللىق كۆپتۈرۈلگەن بىر كونا قوشاق.
ئوغلۇڭ ياشاپ ئۆتسە دەۋر-زامانلار ھالقىپ،
ئۇنىڭ جىسمى ھەم نەزمەمدە تۇرارسەن بالقىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 18

يازغا سېنى تەڭ قىلىشقا مەندە نە ئامال،
سەن ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە تۇرساڭ گۈزەل-ساز؟
مايدا بوران غۇنچىلارنى ئەيلىگەي مالال،
ياز ئىجارە ئالغان قەرەل بەكمۇ قىسقا-ئاز.
گاھى كۆكتە ئوتتەك قۇياش بولسىمۇ ئايان،
گاھى ئۇنى توسار قارا بۇلۇتلار قات-قات،
ۋاقىت، قىسمەت زەربىسىگە دۇچ كېلىپ ھامان،
يارقىنلىقنى قىلار ئاخىر يارقىنلىق بەربات.
خازان بولماس سېنىڭ گۈلگۈن ياز پەسلىڭ ئەبەت،
قالار كۆركەم لاتاپىتىڭ ساقلىنىپ ئۇزاق.
ساڭا ھەمراھ بولغاچ ئۆلمەس كۈي—شېئىر پەقەت،
ئەزرائىلمۇ قويالمايدۇ ئۆمرۈڭگە تۇزاق.
نادىر ئەسەر بۇ ئالەمدە بولمايدۇ خاراب،
سەن ئۇنىڭدا سانسىز ئەسىر ئۆتسەن ياشاپ.

## 19

ۋاقىت شىرنىڭ تىرنىقىنى ئىبكەكلەر تامام،
يەرنىڭ ئامراق بالىسىنى ئەيلەر يەرگە يەم،
تۆكۈپ يولۋاس چىشلىرىنى تاپماس ھېچ ئارام،
ئۆز قېنىدا كۆيدۈرىدۇ سۇمرۇغنىمۇ ھەم.
ئۇچقۇر ۋاقىت، پۈتكۈل جاھان، شەيئى، نەسلىنى
خاھىشىڭچە كولدۇرلاتتىڭ بولۇپ شاھ ئاغا،
گاھى خۇشال، گاھى غەمناك قىلدىڭ پەسلىنى،
ئەمما، ھەرگىز يول قويمايمەن، ئەي زالىم، ساڭا:
دىلكەشىمنىڭ ئاي يۈزىگە تەككۈزمە پىچاق،
ئەيلە ئۇنى تۇرلۇك توزان، داغلاردىن خالاس،
كونا رەسىم قەلىمىڭدە بەرمە رەڭ-بوياق،
ئۇ، گۈزەللىك ئۆلچىمىنى قالدۇرسۇن مىراس.
قاقۋاش ۋاقىت، خۇي-پەيلىڭدىن يېمەيمەن ۋايىم،
ئۇنىڭ ياشلىق نۇرى پارلار نەزمەمدە دائىم.

## 20

ساكا، ئامراق ئاشىقىم ھەم مەشۇقۇم، زىبا—
قىز چېھرىنى سىزدى تەڭرى ئوينىتىپ قەلەم،
قىزلارغا خاس مېھرىلىك دىل سەندە بار، ئاكا
ئۆزگىرىشچان مىجەز ئەمما باسالماس قەدەم.
قۇياش يەڭلىغ كۆزلىرىڭگە ياسالمىلىق يات،
نىگاھلىرىڭ مەۋجۇداتقا بېرەر ئالتۇن ھەل،
گۈزەللىكىڭ ئەيلەپ جىمى گۈزەللىكنى مات،
بولدى يىگىت، قىزلار قەلبى ئاكا مەپتۇن—ئەل.
ياراتماقچى بولۇپ سېنى قىز قىلىپ، بىراق
بىرنەرسىنى قوشقان ساكا ئادىشىپ خۇدا.
بولمىغاچقا ئاكا مەندە قىلچە ئىشتىياق،
سېنى سۆيۈش ھوقۇقۇمدىن ئەيلەندىم جۇدا.
قىزلار خۇشال، تەڭرى ساكا قىلغاچ كۆپ ئەجىر،
بەر سۆيگۈڭنى ماكا، ئۇلار ئالسۇن زوق-بەھىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 21

ئوخشىمايدۇ ئەزەلدىن ھېچ ئۇ شائىر ماڭا،
گىرىم قىلغان يۈزنى كۆرسە قاتار كۈي-قوشاق،
دەپ: نازىنىن دىلدارىمنىڭ زىننىتى — ساما،
بىرەر ئاڭا تۈرلۈك ئېسىل رەڭلەردە بوياق.
مۇبالىغە، دەبدەبىلىك سۆز بىلەن ئۇنى
ئوخشىتىدۇ زۇمرەت دېڭىز، ئالتۇن قۇياشقا،
نەۋ باھاردا پورەكلىگەن گۈللەر، ئاي نۇرى،
ئۇپۇقتىكى چوغدەك شەپەق يا گۆھەر تاشقا.
مەن — چىن ئاشىق، سەمىمىيلىك كۈيۈمدە ئايان،
ئانىسىغا بىلىنگەندەك پەرزەنت ئۆز — زىبا،
ئىشەن، ماڭا يارىم گۈزەل كۆرۈنەر ھامان،
چاچمىسىمۇ كۆكتىكى زەر شامدان[1] دەك زىيا.
ئەشۇ شائىر توختىماستىن ساتسا قۇرۇق سۆز،
مەن ناخشامنى ماختاپ، ئەلگە قىلمايمەن كۆز-كۆز.

① زەر شامدان ئاينى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 22

زىننەت بېرىپ تۇرسىلا گۈل ياشلىقىڭ ساڭا،
ئىشەنمەسمەن ئەينەك قېرى كۆرسەتسە مېنى،
ئەمدى چاڭگال سالار دەرمەن، ئەزرائىل ماڭا،
قىلسا ۋاقىت يار نەقىشلىق چىرايىغا سېنى.
چۈنكى، ساڭا نېسىپ بولغان نۇرانە رۇخسار
گويا مېنىڭ قەلبىمگە خوپ ياراشقان كىيىم.
دىل رىشتىمىز بىر بىرىگە تۇرسا ھەمراھ-يار،
بارغايمۇ مەن سەندىن قېرى، دېيىشكە تىلىم؟
مەن سەن ئۈچۈن ئاسرىغاندەك ئۆزۈمنى قەۋەت،
سەنمۇ ئاسرا ئۆز تېنىڭنى يەتكۈزمەي زەرەر،
ئەتىۋارلاپ ساقلايمەن چىن قەلبىڭنى ئەبەت،
خۇددى ئانا بوۋاقىدىن ئالغاندەك خەۋەر.
ئۆلسە قەلبىم، شادلىقىڭغا سېلىنار قۇلۇپ،
سەن قەلبىڭنى ماڭا تاپشۇر، ئالما قايتۇرۇپ.

# 23

خۇددى ئارتىس تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ،
ناخشا ئېيتماي جىم تۇرغاندەك ئۆڭۈپ—تەمتىرەپ،
چەكتىن ئاشقان كۈچ-ھەيۋىسى باغرىنى سىقىپ،
يىرتقۇچ ھايۋان ھوۋلىغاندەك چاچرىتىپ غەزەپ؛
تەشۋىشلىنىپ كەلتۈرۈپ مەن ئىشەنچىمگە شەك،
تۇردۇم قەلب سۆزلىرىمنى دېيەلمەي راۋان،
مۇھەببەتنىڭ تاغدەك يۈكى بېسىپ مېنى بەك،
مىسلى سۆيگۈم قۇدرىتىدىن قويمىدى نىشان.
ئېھ، بۇ ئۈنسىز نەزمەنامەم دائىم تۇرۇپ تەق،
مەۋج ئۇرغان سۆزلىرىمنى ئەيلىسۇن بايان،
مۇھەببەتنى ئاقلىسۇن ھەم كۈتسۇن ئۈندىن ھەق،
سۆزمەن ئېغىز تۇۋاقلىنار ئۇ بولسا ئايان.
سۈكۈتكە يار سۆيگۈ يازغان شېئىرنى ئوقۇ،
كۆزدە ئاڭلا، مۇھەببەتنىڭ پاراستى شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 24

كۆزۈم رەسسام بولۇپ، كۆركەم قەددىڭنى سىنىڭ
ئەينەن سىزىپ چىقتى قەلبىم بەتلىرى ئارا،
شۇ رەسىمنىڭ نەپىس رامى ۋۇجۇدۇم مېنىڭ،
سىڭگەن كاتتا رەسسامغا خاس ئىقتىدار ئاڭا.
رەسساملاردەك ئۇنىڭ سەنئەت شەكلىگە قارا،
قايسى يەرگە تىرىك جاندەك سىزىلدىڭ ئۆزۈڭ،
ئۇ، ئېسىلىپ تۇرار مەڭگۈ دىلخانەم ئارا،
دىلخانەمنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزنىكى كۆزۈڭ.
كۆر، كۆز بىلەن كۆز ماسلاشتى بولۇپ يار-ئاداش:
قامىتىڭنى سىزسا كۆزۈم قالدۇرماي چالا،
ئاچتى كۆزۈڭ يۈرىكىمدىن دېرىزە، قۇياش
خۇپىيانە قارار ئۇندىن ھەۋەستە ساڭا.
تۇرار كۆزۈم ئىلاھقا خاس تالانتتىن يىراق،
كۆرگىنىنى سىزار، دىلنى چۈشەنمەس بىراق.

## 25

قوت-تەلەيگە يار كىشىلەر ماختانسۇن قەۋەت،
مەرتىۋىسى، شۆھرىتىنى سېلىپ بازارغا،
ئامەت ماڭا ئوڭ كۆزىدە باقمىغان پەقەت،
بىراق قەلبىم چىقتى بىردىن قۇتلۇق شىكارغا.
شاھ ئوڭ كۆزدە باققان ۋەزىر ئاتىسمۇ چېچەك،
ئاپتاپپەرەس كەبى توزار خەق تۇرسە قاپاق،
جىسمىدىكى مەغرۇرلۇقتىن قالماي ئىز-دېرەك،
غايىب بولۇر سۇر-ھەيۋىسى ئۇچقاندەك توزغاق.
سانغۇن تالاي جەڭدە ئۇتۇق قازىنىپ چەكسىز،
مەغلۇپ بولسا بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئەگەر،
نامى شەرەپ قامۇسىدىن يوقىلىپ شەكسىز،
ھەممە تۆھپە-خىزمىتىدىن قالمايدۇ ئەسەر.
بەختىيارمەن، سۆيدۇم سېنى، كۆيدۇڭ ماڭا ھەم،
قوغلانماسمەن ئەسلا، شۇڭا يېمەيمەن ھېچ غەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 26

ئىتائەتمەن ۋەزىرلىكنى يار ئەتتى ماڭا
گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىڭ، سۆيگۈ خاقانىم،
بۇ نەزمىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتىم ساڭا،
ئۇندىن ئايان كۆڭلۈم، ئەمەس پەم-ئىقتىدارىم.
بولغاچ تىلىم زاغرا كەبى—سەنئەتتىن يىراق،
مىسرادا چىن ئىشقىم تولۇق ئۇرالمىدى بەرق،
تىلىكىم شۇ: ئۇنى پىكىر-خىيالىڭ بىراق،
قەلبىڭ ئارا يارقىنلىقتا ئەيلىۋەتكەي غەرق.
قۇت يۇلتۇزۇم پارلاپ، باشلاپ ئىستىقبال تامان،
چېھرىمدە شاد كۈلكە زەردەك قىلغۇچە جۇلا،
ياپساڭ نامرات ئىشق-سۆيگۈمگە پۈزۈر تون-چاپان،
ئاندىن چەكسىز ئىززىتىڭنى كۆرەرمەن راۋا.
كۆيدۇم ساڭا، دەرمەن شۇ پەيت كەلگەندە يېتىپ،
ئۇندىن بۇرۇن ئالساڭ سىناق، يۈرەرمەن قېچىپ.

## 27

ئەمدى ياتاي، سەپەر مېنى چارچاتتى قەۋەت،
هاردۇق يەتكەن پۇت-قوللىرىم ئالسۇن دەم-ئارام،
ئەمما، شۇئان تەسەۋۋۇرۇم تېپىپ كۈچ-مەدەت،
كاللامدىكى سەپەر يەنە ئەيلىنەر داۋام.
چۈنكى، كۆرمەي خىياللىرىم ئارىنى يىراق،
تەشنالىقتا بارغاي سېنى قىلشقا تاۋاب،
ئۇيقۇغا زار كۆزۈم جامدەك ئېچىلىپ ئۇزاق،
تۇرار ئەمما كۆزى كەبى زۇلمەتكە قاراپ.
قەلبىم ئارا خىيال قۇشۇم قېقىپ ئەركىن پەر،
قىلدى يارقىن سىيمايىڭنى ئالدىمدا ئايان،
پارلاپ گويا زۇلمەت كۆكتە نۇرانە گۆھەر،
تۈن لەشكىرى تارمار بولۇپ، يورۇدى جاهان.
بىل، كۈندۈزدە جىسمىم، تۈندە خىيالىم، دىلىم
سەن، مەن ئۈچۈن غەم يەپ پەقەت تاپمايدۇ تىنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 28

مەن دەم ئېلىش ھوقۇقۇمدىن ئەيلىنىپ جۇدا
كېلەي قانداق يەنە شادلىق پەيزىگە چۆمۈپ؟
بەرمىسە تۇن كۈندۈزدىكى جەبرىگە جازا،
يۇرەلەمدىم كېچە-كۈندۈز بىمالال كۈلۈپ؟
كۈن بىلەن تۇن رەقىبلەردىن بولسىمۇ تامام،
نۆۋەتلىشىپ سىقار مېنى ئامبۇردەك بىراق،
بىرى تەننى، بىرى دىلنى تاپقۇزماي ئارام،
سېنى مەندىن قىلىپ قويار كۈنسايىن يىراق.
دېدىم ماختاپ كۈندۈزنى مەن: پارلاقسەن قەۋەت،
نۇرۇڭ ئۆچمەس، بۇلۇت كۆكنى قىلسىمۇ قامال.
خۇشامەتنى ئايىمىدىم تۈندىنمۇ پەقەت:
جۇلالايسەن زەردەك، يۇلتۇز ئاچمىسا جامال.
ئەمما، كۈندۈز ئازابىمنى شاخلىتار دائىم،
تۈن قەلبىمدە قىيامەتنى قىلىدۇ قايىم.

# 29

زار يىغلايمەن بولۇپ بەخت-ئامەتتىن جۇدا،
رەنجىپ ئاۋام قويدى مېنى، دەپ، تەنھا-يېتىم،
قۇلاق سالماس مېنىڭ يىغا-نالەمگە خۇدا،
كاج قىسمەتكە تاشار دىلدىن لەنەت-نەپرىتىم.
بولسام خەقتەك ئىستىقبالى كەڭ-پارلاق بەندە،
يا مەردانە، ياكى زەپەر ئەھلىگە دوست-يار،
هازىرلانسا هوقۇق، قۇدرەت، ئىستېدات مەندە،
شۆھرىتىمدىن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەسمەن زىنهار.
ئەمما، تۇيغۇم ئارا قىلسام ئۆز-ئۆزۈمنى يەر،
سەن تۇيۇقسىز خىيالىمدا ئاچىسەن جامال،
شۇندا زۇلمەت باسقان يەردىن روھىم قېقىپ پەر،
چىقىپ ئەرش ئۈزرە ناۋا ئەيلىگەي خۇشال.
چىن سۆيگۈڭنى ئەسلەش پۈتمەس بايلىقتۇر ماڭا،
تېگىشمەيمەن پادىشاھلىق تەختىنى ئاڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 30

شېرىن، تەگسىز خىياللىرىم قىلىنار سوراق،
كەچمىشلىرىم ئەسلىمەمدە ئەيلىسە شىكار،
ھەل بولمىغان ئارمان ئۇچۇن چېكىمەن پىراق،
باش كۆتۈرەر قەھرىم، ئۆتكەچ سىر خىل پەيت بىكار.
تۆكۈلمەكتە كۆزلىرىمدىن ياش تارام-تارام،
جەننەتتىكى ئاق كۆڭۈل، چىن دوستنى ياد ئەيلەپ،
ئۇنتۇلسىمۇ مۇھەببەتنىڭ ھەسرىتى تامام،
دىل كۆكۈمدە تۇرار ئۆتمۈش تۇماندەك لەيلەپ.
يىغانلىرىم سۆزلەپ رەت-رەت قىسمەتلىرىمنى،
بىخلار يەنە دىلخانەمدە كونا دەرد-ئازاب،
چىقتىم ساناپ ئۆتۈپ كەتكەن ھەسرەتلىرىمنى،
تۆلەنمىگەن قەرزدىن بەرمەك بولغاندەك ھېساب.
ئەمما، دىلكەش دوستۇم سېنى ئەيلىسەم خىيال،
غەم-ئىزتىراب يوقاپ دىلدىن بولارمەن خۇشال.

## 31

غايىب بولغان يۈرەكلەرنى ئۆلگەندۇ دېسەم،
قەدىرلىنىپ ئاپتۇ قەلبىمىڭ تۆرىدىن ئورۇن،
دىلىمىڭ قايناق مۇھەببەتىنىڭ يادنامىسى ھەم
ئۆلۈپ كەتكەن دوستلىرىمغا ئېچىپتۇ قويۇن.
مەرھۇملارغا بەخش ئەتكەن سۆيگۈم بىر تالاي
پاك، ئازابلىق ياشنى ئالغان كۆزۈمدىن پىنھان،
ئەمما، ئۇلار يۈتكەپ ئەمدى تۇرالغۇ—ساراي،
جىسمىمىڭ ئارا بولۇپ قاپتۇ ئۆمۈرلۈك مېھمان.
سەن—مەقبەرە، ياشار سۆيگۈ كۆمۈلۈپ ئاڭا،
مەرھۇملارنىڭ ئىزناكلىرى ئېسىلغان قاتار،
بەرگەن ئۇلار ماڭا مەنسۇپ ئىنئامنى ساڭا،
تالاي جانغا خاس سۆيگۈگە بولدۇڭ سەنلا يار.
كۆردۈم ئۇلار سىيماسىنى ۋۇجۇدۇڭدىن مەن،
بارچە ئىشق-ئەقىدەمگە ھەقدار ئۇلار، سەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 32

ئەجەل مېنى يەر ئاستىغا ئەيلىسە قامال
سولۇپ ئۆمۈر گۈللىرىمنىڭ شاخلىرى ئەگەر،
شۇ چاغ ھايات بولساڭ، مەرھۇم دوستۇڭنىڭ قوپال
نەزمىسىگە گاھى تاشلاپ قويارسەن نەزەر.
يازسا كىمكى داڭدار ئەسەر سىلىشتۇر ئاڭا،
ئۇ بۇنىڭدىن نادىر-ئېسىل بولسىمۇ قەۋەت،
ئۇنىڭدىن خام تۇيۇلسىمۇ بۇ نەزمەم ساڭا،
مەڭگۈ ئۇنى ساقلا سۆيگۈم ئۈچۈنلا پەقەت.
تۇرسا دەيمەن سېنى مۇنداق قاراشتا ھامان:
”ئەتسە داۋام ئىستېداتى دوستۇمنىڭ ئەگەر،
سۆيگۈسىدە بولۇپ يۈكسەك مەھسۇلات ئايان،
ھېسابلىنار سەنئەتكە باي، ساز-نادىر ئەسەر.
گۈزەللىككە تولسا خەقنىڭ نەزمىسى، بىراق
چاقناپ تۇرار ئۇنىڭكىدىن مۇھەببەت-پىراق.“

## 33

سانسىز قېتىم كۆردۈم: پارلاق قۇياش تاغلارنى
ئەركىلىتەر نىگاھىدا كۈلگەندە سەھەر،
سۆيەر ئوتقاش چېھرى بىلەن چىمەن-باغلارنى،
خىرەلەشكەن ئېرىقلارغا چاچار نۇرلۇق زەر.
بولۇپ كۆكتە ئىپلاس بۇلۇت تۇيۇقسىز ئايان،
توسار ئۇنىڭ شۇ مۇقەددەس، يارقىن يۈزىنى،
كۆز ئالدىمدىن يوقاپ شۇندا ھەسرەتلىك جاھان،
ئۇ، مەغرىپكە پاتار زاھىر قىلماي ئۆزىنى.
قۇياشىمۇ تاڭدا شۇنداق پارلاپ ئاجايىپ،
پېشانەمگە بەخش ئەيلەر چوغسىمان بىزەك،
بىراق، بۇنداق ئېسىل پۇرسەت بولۇر تېز غايىب،
بۇلۇت ئايرىپ تۇرغاچ بىزنى يېيىپ كەڭ ئېتەك.
ئۇزۇلمەيدۇ رىشتىم ئۇندىن مۇشۇ ۋەج بىلەن،
بولۇر ئاسمان ھەم يەردىكى قۇياشتا ئېۋەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 34

يەتكۈزىمەن، دەپ، نۇرلۇق تاڭ ۋەسلىگە چوقۇم،
مېنى تونىسىز ئاتلاندۇرۇپ سەپەرگە بۈگۈن،
بۇلۇتلارنى بۆيرۈپ ماڭا قىلىشقا ھۇجۇم،
ئىس-تۈتەكتە توستۇڭ پارلاق چېھرىڭنى نېچۈن؟
يوق پايدىسى، مەڭزىمدىكى يامغۇرنى تۈگەل
قۇرۇتساڭمۇ ئەيلەپ قارا بۇلۇتلارنى خار،
پەخىرلىنىپ بۇ دورىنى ماختىمايدۇ ئەل،
تەنگە شىپا بولۇپ، دىلغا قىلمىسا ھېچ كار.
خىجىللىقىڭ بولماس كۆڭۈل يارامغا داۋا،
ئەپسۇسلانساڭ خوراپ كەتمەس مەن تارتقان زىيان.
خارلىغۇچى قىلمىشىدىن تارتسىمۇ ئىزا،
يوقالمايدۇ خارلانغۇچى قەلبىدىن پىغان.
ئېھ، سۆيگۈڭنىڭ تۆككەن يېشى مەرۋايىت بىراق،
ئۇ ھەق تۆلەپ ئەيلەر سېنى نۇقساندىن يىراق.

## 35

چەكمە ئەمدى ساڭا قىلغان ئىشىمدىن ئازاب،
گۈلگە تىكەن ھەمراھ، كۈمۈش بۇلاقلارغا لاي،
قۇرت يۇمران گۈل بەرگىدە ئۆتىدۇ ياشاپ،
توسسا بۇلۇت خۇنۇكلىشەر كۆكتە قۇياش، ئاي.
ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن، ئاڭلا سۆزۈمنى،
ئەيىبىڭنى ياپتىم قىلىپ كۆپ ئىشنى مىسال،
پاك كۆرسەتتىم ئەلگە سېنى، بۇلغاپ ئۆزۈمنى،
گۇناھىڭنى زىننەتلىدىم تېپىپ بىر ئامال.
چۈشەنگەچكە مىجەزىڭنى كەچۈرمىكىم پەرز،
دەۋاگەرلىك ئاقلىغۇچى بولدىغۇ ساڭا،
ئۆز ئۈستۈمدىن سۇندۇم سوتقا ئەيىبنامە—ئەرز؛
جاڭجاللىشار قەھرىم بىلەن بەھرىم ئۆزئارا.
مەن ئەگەشتىم، ئەي سۆيۈملۈك قاراقچى، ساڭا،
بارلىقىمنى بۇلاش ئۈچۈن سوزساڭ قول ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 36

بىزگە ھىجران چاڭگال سالار كەلگەندە بىر چاغ،
سۆيگۈمىز چىلىڭ باغلانسىمۇ، بۇنى ئالاي تەن،
ۋۇجۇدۇمدا قالسا نۇرغۇن جاراھەت، كىر-داغ،
ئۆزۈم ئىگە بولاي ئاڭا، كۆڭۈل بۆلمە سەن.
ئوخشىمىغان تۇرمۇش بىزنى تۇرسىمۇ ئايرىپ،
چاتتى كۆڭۈل رىشتىمىزنى بىر خىل ئوي-پىلان.
كەتمىسىمۇ مۇھەببەتنىڭ ساپلىقى ئايىنىپ،
ئۇنىڭ شىرىن پەيتلىرىدىن قالمىدى نىشان.
ئەمدى ھەرگىز سىردىشىم، دەپ يۇرمەيمەن سىنى،
يەتكۈزمىسۇن گۇناھلىرىم نامىڭغا زەرەر،
تەرىپلىمە جامائەتنىڭ ئالدىدا مىنى،
خالىمىساڭ شەنىڭگە داغ تېگىشىنى ئەگەر.
قىلما ئۇنداق، مەجنۇن كەبى كۆيىمەن ساڭا،
ئۆزۈڭ بىلەن شان-شۆھرىتىڭ تەئەللۇق ماڭا.

## 37

نىمجان بوۋاي شوخ ئوغلىنىڭ ئەقىل، كۈچكە يار
ياشلىقىنى كۆرۈپ، مەمنۇن بولغاندەك قەۋەت،
ئەيلىسىمۇ قىسمەت مېنى مەجرۇھلۇقتا خار،
پەزىلىتىڭ، چىن سۆيگۈڭدىن تاپارمەن مەدەت.
ۋۇجۇدۇڭدا پۇل-مال، تالانت، گۈزەللىك، نەسەب
ئىچرە بىرى، يا ھەممىسى، ياكى بىھېساب
نەرسە يەتسە ئۆز ۋايىغا قۇچۇپ شان-شەرەپ،
شۇ بايلىقتا قوياي سۆيگۈ شېخىمنى ئۇلاپ.
بۇ خىيالىي مەنزىرىلەر چىقسا روياپقا،
قىلارمەن مول خەزىنەڭگە قانائەت-شۈكۈر،
قالماي قايتا مەن نامراتلىق، خورلۇق-ئازابقا،
سۈرەرمەن شان-شۆھرىتىڭگە تايىنىپ ئۆمۈر.
بولسا دەيمەن شۇ بايلىقنى ئىلكىڭدە سېنىڭ،
خوشلۇقۇمنى شاخلىتار بۇ ئارزۇيۇم مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 38

يېسۇن قانداق تېمىدىن غەم مىيۇسىم[1] مېنىڭ،
تۇرسا تىرىك جىسمىڭ نادىر-ساز-تېما ئاڭا؟
نۇسرەت تاپار نەزمەمدە گۈل رۇخسارىڭ سېنىڭ،
ئاددىي قەلەم، قەغەز كەلمەس مۇناسىپ ساڭا.
ئېھ، ئۆزۈڭگە ئېيتقىن چوقۇم رەھمەت—تەشەككۈر،
گاھى مىسرا، جۈملەم قىلسا نىگاھىڭنى رام.
گەرچە سەندىن ئالسىمۇ مول ئىلھام-تەپەككۈر،
تىلسىز، نادان تەسۋىرىڭگە كېلەر چولتا-خام.
سەن—ئونىنچى مىيۇس، بولغىن بىر ئۆمۈر شۇڭا
ئۆتمۈشتىكى توققۇزىدىن ئون ھەسسە چىۋەر،
مەيلى سېنى چىللىسۇن كىم، بەخش ئەت ئاڭا
مىليون ئەسىر ئۆلمەيدىغان بىباھا ئەسەر.
بولسا كىچىك مىيۇسىمدىن مەمنۇن بۇ زامان،
جاپا ماڭا مەنسۇپ، ساڭا قەسىدە ھامان.

---

[1] مىيۇس—قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى شېئىرىيەت، سەنئەت، ئىلىم-پەننىڭ توققۇز ئايال ئىلاھىنىڭ ئورتاق نامى. مىيۇس شېئىرلاردا كۆپىنچە ئىلھامنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

## 39

ئاھ، چىدارمۇ سېنى كۆيگە قېتىشقا يۈزۈم،
تۇرسا ئۈزلۈق، خىسلىتىمنىڭ يېرىمى سەندە؟
سېنى ماختاش— ئۇچۇرغانلىق ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
نە قىممىتى تەرىپلىسە ئۆزىنى بەندە؟
بىز ياشايلى بۇ دۇنيادا ئايرىلىپ شۇڭا،
ئىككى بولسۇن بىزدىكى بىر سۆيگۈ-ئەقىدە،
شۇندا تامام تەئەللۇقتۇر پەقەتلا ساڭا
مەن سەن ئۈچۈن ئېيتقان جىمى ناخشا-قەسىدە.
ئەي جۇدالىق، ھەسرەتلىك بوش ۋاقتىڭدا ئەگەر
كۆڭلىرىمنى ئۆتكۈزمىسەم سېغىنىش ئارا،
سۆيگۈم ۋاقىت، سېغىنىشتىن ئالمىسا خەۋەر،
بىردىن ئىككى بولۇشۇمنى كۆرمەي سەن راۋا،
ئېيتقۇزمىساڭ ئۇنى كۆيلەپ قەسىدە— قوشاق،
بۇ مەن ئۈچۈن ھېسابلىنار چەكسىز دەرد-پىراق.

## 40

قالدۇرماستىن ئال مۇھەببەت-ئىشقىمنى، بىراق
ئالساڭ، بولۇر بۇرۇنقىدىن زادى نېمەڭ مول؟
بۇ خۇي ئەسلا ھېسابلانماس چىن سۆيگۈ-پىراق،
سۆيگۈم ساڭا مەنسۇپ، ئاڭا سوزمىساڭمۇ قول.
سەن سۆيگۈمنى قوبۇل ئەتسەڭ كۆيەي دەپ ماڭا،
تىلىم سېنى ئەيىبلەشكە بارمايدۇ پەقەت،
ئەمما، مەيلىڭ يوق نەرسىنى تېتىشنى راۋا
كۆرسەڭ ئالداپ ئۆز-ئۆزۈڭنى، ئېيتارمەن لەنەت.
بارچە دۇنيا-بايلىقىمنى كەتسەڭمۇ تالاپ،
لېۋەن ئوغرى، گۇناھىڭدىن ئۆتەرمەن ھامان،
لېكىن، ساختا سۆيگۈ دىلدا قالدۇرغان ئازاب
ياۋ ئاشكارا ئۇرغان تىغدىن مىڭ ھەسسە يامان.
جەزبدارسەن، قىلمىشىڭمۇ تۈيۈلار گۈزەل،
ئۆچ كۆرمەسمەن، يەتكۈزسەڭمۇ ئۆمرۈمگە ئەجەل.

## 41

گاھى تۇتۇپ شاللاقلىقىڭ كۆتەرسە قىقاس،
دىلخانەڭدىن كېتەر مېنىڭ ئوبرازىم ئۇزاپ،
بۇ ئىش كېلەر نازاكىتىڭ، ياشلىقىڭغا ماس،
ئالدامچىلىق سېنى دائىم تۇرغاچقا ئوراپ.
چىرايلىقسەن، ۋەسلىڭگە زار بولغانلار تالاي،
سۆيۈملۈكسەن، جىمى ئادەم ئىنتىلەر ساڭا.
قايسى ئوغلان كېتىپ قالسۇن ئاچماستىن چىراي،
قىزلار ئىشىق-سۆيگۈ ئىزھار ئەيلىسە ئاڭا؟
ئەمما، مېنىڭ ئورنۇمغا سەن قىلما تاجاۋۇز،
ئېيت ئاداشقان ياشلىقىڭ، ئۇز قەددىڭگە لەنەت،
قىلدى ئۇلار، بولۇپ سېنى ئەسەبىي-ياۋۇز،
ئىچكەن ئىككى-قۇش قەسەمنى بۇزۇشقا دەۋەت.
گۈزەللىكنى يەمچۈك ئېتىپ ئېرىشسەڭ ئاڭا،
كۆرسەتمىدىڭ چىن ئەقىدە-ساداقەت ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 42

تارتىۋالساڭ يارنى، ئانچە چەكمەيمەن ئازاب،
ئاڭا بولغان سۆيگۈم تىرەن ئوكياندىن بىراق.
تارتىۋالسا ئۇ سېنى، ئاھ، بولارمەن خاراب،
يوق جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەرد-پىراق.
ئۇ مەن ئۈچۈن ئالداپ مېنى، ئۆزىگە جەلىپ
قىلدى سېنى—دىلكەشىمنى ئوخشىتىپ ماڭا،
مەن سۆيگەچكە ئۇنى، ئاڭا تاپشۇردۇڭ قەلب،
گۇناھكارلار، كەچۈرەرمەن سىلەرنى شۇڭا.
سەندىن مەھرۇم قالدىم، ساڭا ئېرىشتى يارىم،
ئۇ ئايرىلدى مەندىن، نائىل بولدۇڭ سەن ئاڭا.
بىرلەشتىڭلار، يۈتتى بىر جۈپ بايلىقىم—بارىم،
خارلىدىڭلار مېنى، كۆڭۈل بۆلگەچكە ماڭا.
سەن بىلەن مەن تەنداش، قايىنار قەلبىمدە شادلىق،
يار مېنىلا سۆيەر، بۇ سۆز نەقەدەر تاتلىق.

## 43

يۇمۇلغاندا ئۆتكۈرلىشىپ كىتەر جۇپ كۆزۇم،
كۇندۇزلىرى كۆرەر ئاددىي نەرسىنى پەقەت؛
زەن سالىدۇ ساڭا، چۆكسەم ئۇيقۇغا ئۆزۇم،
ئاچسام زۇلمەت باسار، يۇمسام نۇرلىنار قەۋەت.
سايەڭ بىرەر قاراڭغۇغا يارقىن نۇر-زىيا،
يۇمۇلغان جۇپ كۆزگە كۇندەك پارلاقلىقنى ھەم،
قانداق گۇزەل سىيما قىلسۇن كۇندۇزدە جۇلا،
تۇمەن نۇرلۇق كۇندۇز ساڭا بولغان تۇرسا جەم!
چۇشكە ھەمراھ كۆزلىرىمنى يورىتار ھامان
كەمتۇك، يارقىن ئوبرازىڭ بۇ سۇكۇتلۇك تۇندە،
ئاڭا كۇلۇپ بىقىپ تەلەي-ئامەتلەر قاچان،
سىنى رۇشەن كۆرەلەيدۇ قۇياشلىق كۇندە؟!
كۆرەلمىسەم سىنى، كۇندۇز زۇلمەتتۇر ماڭا،
تۇن نۇر چاچار، چۇشلىرىمدە يولۇقسام ساڭا.

# 44

قوپال جىسمىم بولسا خىيال-تەپەككۇر ئەگەر،
يول ئۇزۇن، دەپ مەنزىلىمدىن كەتمەسمەن كېچىپ.
باشلىسامىمۇ ئالەمنىڭ چەت يېرىدىن سەپەر،
ھۇزۇرۇڭغا شۇنچە چاپسان كېلەرمەن يېتىپ.
گەرچە سەندىن تۇرسامىمۇ مەن تۇمەن يول يىراق،
بۇنى مۇشكۇل ئۆتكەل ساناپ يىمەيمەن ۋايىم،
ئەسلىسەملا قارارگاھىم ئاچار كەڭ قۇچاق.
ئۇچقۇر خىيال ھالقىپ دېڭىز-ئوكياندىن دائىم.
ئەپسۇس! ھەرگىز خىيال ئەمەس، بۇ ماڭا ئۆلۈم،
كەتسەڭ، ئىزدەپ ئۆتەلمەيمەن تاغلاردىن ئۇچۇپ،
تۇپراق بىلەن سۇدىن بىنا ئەيلەنگەن ئۆزۈم[1]،
ئۆتكۈزەرمەن مەنىسى يوق پەيتنى دەرد قۇچۇپ.
كەلمەس قاشاڭ سۇ، تۇپراقتىن ھېچقانداق دېرەك،
دەرد-ئازابىنىڭ ئىپادىسى—كۆز ياشتىن بۆلەك.

---

① ئىنجىلدە ”ئادەم سۇ بىلەن تۇپراقتىن يارىتىلغان“ دېيىلگەن. ئارستوتىل: ”تۇپراق، سۇ، شامال، ئوت—بارلىق ماددىلارنى بىنا قىلىدىغان تۆت چوڭ ئېلېمېنت“ دەپ قارىغان. شائىر 44-ۋە 45-سونېتلاردا يۇقىرىقى قاراشلار ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

# 45

مەندە يەنە بار پاك لاۋا ھەم مەيىن شامال،
نەدە بولسام، ئۇلار ساڭا ھەمراھدۇر ھامان؛
لاۋا — ئىستەك، شامال — شېرىن ئەسلىمە، خىيال،
كەلسە ئۇچۇپ، شۇئان يەنە چاپار سەن تامان.
بۇ ئىككىسى كەتسە سېنى قىلغىلى تاۋاپ،
ئوتلۇق سۆيگۈ — مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى بولۇپ،
تۇپراق بىلەن سۇلا قېلىپ جىسمىمدا، ئازاب
مېنىڭ شادلىق خەزىنەمگە سالىدۇ قولۇپ.
كەلسە قايتىپ ئۇچقۇر ئاياغ ئەلچىلەر ئەگەر.
ھاياتىمنىڭ تەركىبلىرى بولۇر قايتا جەم.
ئۇلار ھازىر ئەھۋالىڭدىن يەتكۈزۈپ خەۋەر
دېدى: سېنى شۇنچە ساغلام، چەكمەس دەرد-ئەلەم.
تاپتىم ئەمىن، ئەمما شۇئان ئۇلارنى يەنە
يولغا سالدىم، ئىزتىرابىم قىلدى تەنتەنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 46

تالىشىپ ئۈز جامالىڭنىڭ بەھرىدىن ئۇلۇش،
ئېلىشماقتا كۆزۈم بىلەن قەلبىم ئۆزئارا،
كۆز دېسە: يات دىل-قەلبكە پەيزىڭنى سۇرۇش،
بۇ ھوقۇقنى كۆرمەس كۆزگە يۈرەكمۇ راۋا.
دەيدۇ يۈرەك: سېنى پىنھان ساقلىدىم ئۇزاق،
كۆرەلمەيدۇ كۆزلەر ئۆتكۈر بولسىمۇ قەۋەت.
جاۋابكار كۆز ئىنكار قىلىپ بۇلارنى بىراق،
قامىتىڭنى ساقلىنار دەر ئۆزىدە پەقەت.
بۇ جاڭجالنى ئايرىش ئۇچۇن، دىلدىكى پۈتۈن
خىياللارنى تايىن تاپتىم قىلىشقا قازى؛
چىقارغاچقا ئۇلار ئادىل ھۆكۈمنى بۈگۈن،
ئوتلۇق قەلب، نۇرانە كۆز بولۇشتى رازى:
جۇپ كۆزۈمگە مەنسۇپ تاشقى قىياپەت-چېھرىڭ،
قەلبىم ئارا ماكانلاشتى مۇھەببەت—مېھرىڭ.

## 47

تۇزۇپ ئەمدى بىر كېلىشىم، ماقۇللاپ قارار،
كۆزۈم بىلەن قەلبىم بولدى يۆلەكداش-ئىناق.
دىدارىڭنىڭ ۋەسلى ئەتسە كۆزنى ئىنتىزار،
يا سۆيگۈگە يار قەلبنى ئۆرتىسە پىراق،
كۆز هازىرلاپ سۈرىتىڭدىن كاتتا زىياپەت،
تەكلىپ قىلار قەلبىمنىمۇ يەتكۈزۈپ ئۇچۇر.
كۆز گاهىدا ئەيلەپ قەلب ئىچرە زىيارەت،
يۈرەككە خاس سېغىنىشتىن ئالار تەڭ هۇزۇر.
ساقلانسىلا سۆيگۈم ياكى ئوبرازىڭ ئامان
تۇرساڭمۇ بەك يىراق ئەلدە، هەمراھ سەن ماڭا؛
چىقالمايسەن ئەسلىمەمنىڭ ئىچىدىن هامان،
مەن — خىيالچان، خىيال قۇشۇم پەرۋانە ساڭا؛
ئۇ ئۇخلىسا، كۆزدە چاقناپ سۈرىتىڭ شۇئان،
ئويغىتىپ دىل، دىلنى، كۆزنى ئەيلەر شادىمان.

## 48

هوشيار بولۇپ، مەنزىل تامان ئالغىنىمدا يول،
سالمىقىم شەرت قىممىتى يوق نەرسەمگە قۇلۇپ.
شۇندا ئوغرى-قاراقچىلار تەككۇزەلمەي قول،
ئىشلىتەرمەن مول خەزىنەم قالغاندا قۇرۇپ.
ئۇنچە-مارجان ئەخلەت ماڭا ئالدىڭدا بىراق،
سەن—بىباھا، ئەڭ سۆيۈملۈك بايلىقىم—تەختىم.
ئىست، قەيەر ئوغرى قۇرۇپ قەلبىڭگە تۇزاق،
ئېلىپ كەتتى سېنى، ئۆچتى خوشلۇقۇم—بەختىم.
قويمىدىمەن سېنى پۇختا ساندۇققا سېلىپ،
بولمىساڭمۇ، مەۋجۇت دەپلا قىلىمەن خىيال،
دىلخانەمدىن چەكسىز راھەت، ئىللىقلىق ئېلىپ،
كىرىپ-چىقىپ يۈرەلەيسەن ئۇندا بىمالال.
ئەنسىرەيمەن قول سالارمۇ ئوغرى دەپ ساڭا،
زەرنى كۆرسە ھەركىم نىيەت بۇزىدۇ ئاڭا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەمكىن تۇراي، كەلسە شۇنداق بىر كۈنلەر ئەگەر،
ئەيىبىمنى كۆرسەڭ ماڭا باقمايسەن كۈلۈپ،
قالماي روھىي خەزىنەڭدە سۆيگۈدىن ئەسەر،
ئۆز غېمىڭنى يەپ، ھېسابىنى كېتەرسەن ئۈزۈپ؛
كەلسە شۇ كۈن، يات كىشىدەك سۇرمەيسەن زۇۋان،
قۇياش يەڭلىغ كۆزلىرىڭدە ئۇچقۇندار غەزەب،
سۆيگۈڭ ئەسلى ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ھامان،
تاپار مەندىن تانغىنىڭغا تولۇق ۋەج-سەۋەب؛
كەلسە شۇ كۈن، مۇشۇ يەردە يۇرەرمەن مۆكۈپ،
بارچە نۇقسان-ئىللىتىمنى يادىمدا ساقلاپ،
خەلقى ئالەم ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى سۆكۈپ،
قانۇنلۇق كۆز قارىشىڭنى تۇرارمەن ياقلاپ.
مەن سۆيگۈمنىڭ ئىسپاتىنى كەلمىگەچ ئېلىپ،
قانۇن سېنى يۆلەر، مەندىن كەتسەڭمۇ تېنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 50

يول ئۈستىدە ھەمراھ ماڭا نادامەت-ئازاب،
كەچتە چۈشسەم دەڭ-سارايغا ئېلىشقا ئارام،
”سەن دوستۇڭدىن كەتتىڭ بۈگۈن تېخىمۇ ئۇزاپ!“
دېگەن ئاۋاز كېلىپ، ئەيلەر ئۇيقۇمنى ھارام.
ھەسرەتلىرىم ئاتقا ئېغىر تۇيۇلار مەندىن،
ئۇ كۆتۈرۈپ مېنى ئالغا باسماقتا تەستە،
خالىمايمەن بەك يىراقلاپ كېتىشنى سەندىن،
شۇڭا ئاستا ماڭار بۇنى ئات تۇتۇپ ئەستە.
ئېتتىكلىمەس، گاھى غەزەب-قەھرىمدە قاتتىق
ساۋىساممۇ بەدەنلىرى بولغۇچە يېغىر.
قەلبىمنى قان ئەيلەر كىشنەپ ئەلەملىك—ئاچچىق،
تۇيۇلغاي بۇ كىشنەش ماڭا تاياقتىن ئېغىر.
چۈنكى، شۇ چاغ مەندىن تامام قوغلىنار غەپلەت:
ئارقامدا بار شاد-خۇراملىق، ئالدىمدا ھەسرەت.

## 51

ئېتىم ئاستا ماڭسا، سۆيگۈم بولمىغاي خاپا،
سېنى تاشلاپ مەن يىراققا قىلغاندا سەپەر،
ياقتۇرامدۇ ئۇ تېز مېڭىپ تارتىشنى جاپا؟
توختىماستىن چاپار، قايتىش بولسا بۇ ئەگەر.
ئېھ، يېنىڭغا قايتىشىمدا، بۇ بىچارە ئات
قامچا-تاياق زەربىسىدىن چەكمەسمۇ ئەلەم؟
چۈنكى، شۇ چاغ ئۇچسىمۇ ئۇ ياساپ پەر-قانات،
ھېس قىلارمەن ئالمىغاندەك چەبدەس-تېز قەدەم.
ئات قالىدۇ، ئارمانلىرىم تەلپۈنۈپ ساڭا
ئۇقتەك ئۇچار غايىبانە سۆيگۈگە چۆكۈپ،
ئەمما، ئېتىم ئامراق ماڭا، مەنمۇ ھەم ئاڭا،
ئۇنى زىنھار ساۋىمايمەن ئەيىبلەپ-سۆكۈپ.
ئات مۇدۇرۇپ ماڭسا قەستەن كېتەر چاغدا مەن،
ئۇنى تاشلاپ چاپارمەن تېز كېلەر چاغدا مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 52

مەن گويا باي، مەندە قۇتنىڭ زەر ئاچقۇچى بار،
بىرەلەيمەن خەزىنىنى ئۇنىڭغا ئىچىپ،
ئەمما، شادلىق تۇيغۇم تېزلا بولمىسۇن دەپ خار،
ئاڭا دائىم سەپسىلىشتىن يۈرەر ئۇ قېچىپ.
بىر تال ئالماس مارجان ئارا بولغاندەك ئايان،
ياكى شالاڭ تاقالغاندەك زەر تاجغا ئۈنچە،
كەلگەچكە ھېيت بىر-ئىككى رەت ھەر يىلدا ئاران،
بارچە ئىنسان يېتەر ئۇنىڭ قەدرىگە شۇنچە.
ۋاقىت گويا ساندۇقۇم، سەن سىلىنغان ئاڭا،
ۋە يا ئىشكاپ، ئۇنىڭدىكى كىيىملەر پۈزۈر.
گاھى ئۇنى ئاچسام، ئىنئام ئەيلەيدۇ ماڭا
بۇ بەختىيار پەيت بۆلەكچە خۇشاللىق—ھۇزۇر.
تەلىيىڭ ئۇلۇغ، جامالىڭنى كۆرگەنلەر كۈلەر،
كۆرەلمىسە، ئارمان بىلەن ساڭا تەلپۈنەر.

## 53

سېنىڭ جىسمىڭ چىققان قانداق نەرسىدىن پۈتۈپ،
مىليون سايە ئەتراپىڭدىن كەتمەيدۇ يىراق؟
بىر ئادەمدىن بىرلا سايە تۇرىدۇ چۈشۈپ،
سەندە زاھىر سان-ساناقسىز كۆلەڭگە بىراق!
ئادونىس①نى سىزسا رەسسام ئىشلىتىپ زور پەم،
دەيمەن ئۇنى سېنىڭ قوپال، خۇنۇك قامىتىڭ؛
ھەممە ئۇزلۇق بولسا خېلىن②رۇخسارىغا جەم،
چىقار گىرېك كىيىمىنى كىيگەن ھالىتىڭ.
ئوخشار يارقىن ئوبرازىڭغا جەزبدار باھار،
سېخىيلىقتا ئۆرنەك ئۆزۈڭ ھوسۇللۇق كۈزگە.
كۆز تاشلىساق جامالىڭغا بولۇپ ئىنتىزار،
ئۇچرار گۈزەل مەۋجۇداتتا كۆلەڭگەڭ بىزگە.
بارچە تاشقى گۈزەللىكتە بار تۆھپە—ھەسسەڭ،
كېلەلمەس چىن ساداقەتتە ساڭا ھېچكىم تەڭ.

① ئادونىس—يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى كېلىشكەن يىگىت.
② خېلىن—يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تەڭداشسىز ساھىبجامال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 54

ۋاھ، قېتىلسا گۈزەللىككە چىنلىقنىڭ نۇرى،
كىرەر ئاڭا مىليون ھەسسە ساز-يارقىن سىياق!
قىزىلگۈل زەپ كۆركەم، لېكىن بىز دەيمىز: ئۇنى
گۈزەل قىلغان ئۆزىدىكى گۈلگۈن ھىد-پۇراق.
قاراپ رەڭگى-رۇخسارىغا كۆزەتسەك ئەگەر،
ئازغان خۇش بۇي قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ قەۋەت،
ئۇ، ئېچىلىپ جىمجىت توزۇپ چۈشكەنگە قەدەر،
ھېچكىم ئاڭا ھەۋەسلىنىپ كۆز تىكمەس پەقەت،
ئۇسسۇل ئويناپ كۈن ئۆتكۈزەر شاخلىرى ئارا،
يوق پايدىسى ئۇنىڭ گۈزەل ئەپتىدىن بۆلەك.
ئەمما، ئادەم قىزىلگۈلگە يەتسىمۇ قازا،
ئايرىپ ئېسىل خۇش پۇراقنى قىلىدۇ كېرەك.
خازان بولسا گۈزەللىكىڭ—گۈللىرىڭ سېنىڭ،
چىنلىقىڭنى ئايرىپ چىقار كۆي—نەزمەم مېنىڭ.

## 55

شاھ-خاقانلار ئابىدىسى ياكى مەرمەر تاش
نەزمەم بىلەن بەسلىشەلمەس ئۆمۈردە پەقەت؛
تۇرارسەن كۈي-قەسىدىدە كۆندەك پارلاپ ياش،
خۇنۇك، مەينەت شۇ تاشلاردىن غالىپسەن ئەبەت.
ئېچكى نىزا ۋەيران قىلسا ئاۋات شەھەرنى،
جەڭدە پۇختا مىس ھەيكەللەر چۇشىدۇ غۇلاپ،
كەلسىمۇ جەڭ-ئەلەم باشلاپ ئاپەت-خەتەرنى،
ئەل قەلبىدىن ئوبرازىڭنى كېتەلمەس بۇلاپ.
سالساڭ ئۆچلۈك ۋە ئەزرائىل يولىغا توساق،
بېسىپ ئالغا جەسۇرانە قەدەمدە دائىم،
مىليون ئەۋلاد كۆزىدىكى قەسىدە-قوشاق
مەنسۇپ ساڭا تا بولغۇچە قىيامەت قايىم.
پەرىشتىلەر چاقىرغۇچە سېنى سوراققا،
ساقلىنارسەن سىگىپ ئاشىق كۆزى، قوشاققا.

www.uyghurkitap.com

## 56

شېرىن سۆيگۈ، تول قايتا كۆچ-قۇدرەتكە پەۋەس،
ئۆتكۈر بىسىم ئىشتىھاغا يېتەلمەس دېمە،
قىلار ئەتە ئاچ-زارلىقتا تاماققا ھەۋەس،
تويسا بۈگۈن گال-ئىشتىھا دېگەن بىرنېمە.
سۆيگۈ، بولغىن سەنمۇ شۇنداق، يۇمساڭمۇ بۈگۈن
ئېچىرقىغان كۆزلىرىڭنى، تويغاندا قاراپ،
ئەتە يەنە ئاچ، ئۇزۇلمەس غەپلەتلىك پۈتۈن
مۇھەببەتنىڭ پاك روھىنى قىلمىسۇن خاراب.
گويا ئىككى قاشتىكى قىز-يىگىتنى ئايرىپ
تۇرغان دەريا-دېڭىز بولسۇن بۇ ئازابلىق پەيت،
كەلسە سۆيگۈ ئۇلار ۋىسال قۇچقاندا قايتىپ،
بىر چۈپ يۈرەك ئەيلەر چەكسىز شادلىقنى قەيت.
يا ئۇ[①]نى قىل ھەسرەتلىك قىش بولۇشقا دەۋەت،
شۇندا يازغا ئىنتىلەر دىل زارىقىپ قەۋەت.

① بۇ مىسرادىكى "ئۇ" 5-، 6-مىسرادىكى كۆز يۇمۇلغان چاغنى ھەم 10-مىسرادىكى "ئازابلىق پەيت"نى كۆرسىتىدۇ.

## 57

قۇلۇق تۇرسام بولسۇن يەنە قانداق ۋەزىپەم
ئەتراپىڭدا كىچە-كۈندۈز يۈرۈشتىن بۆلەك؟
ئەھمىيەتسىز ئۆتەر ھەربىر سائەت—دەقىقەم،
ئىش قىلمايمەن تا پەرمانىڭ چۈشكىچە، دېمەك.
شاھىم، ئالسام مەن سەن ئۈچۈن ۋاقىتتىن خەۋەر،
ئاستا ئۆتتى دەپ ئۇنىڭغا سالالمايمەن تىل،
كېتىپ قالساڭ قۇلۇڭ بىلەن خوشلىشىپ ئەگەر،
جۇدالىقنىڭ ئازابىدىن رەنجىيەلمەس دىل؛
پېتىنالماس ئويلاشقىمۇ قەيەردە قانداق
تۇرغىنىڭنى، ئۆرتەپ يۈرەك-باغرىنى ھەسەت،
خۇددى دەردمەن قۇلدەك خىيال ئەيلىگەي ھەرۋاق
ئۇندا سېنى بەردى شادلىق ئەلگە، دەپ پەقەت.
سۆيگۈ سالار ئەخمەق كەبىي ئەمرىڭگە قۇلاق،
رەنجىمەيدۇ تېرىساڭمۇ ئالەمچە چاتاق.

## 58

تەقىپ قىلسام خۇشال ئۆتكەن چاغلىرىڭنى يا
بىلەي دېسەم ئۆتكىنىنى كۈنۈڭنىڭ قانداق،
چەكلەر مېنى قۇلۇڭ قىلىپ ياراتقان خۇدا،
ھەددىم ئەمەس باشقۇرۇشقا، بولساڭمۇ شاللاق.
ئەركىنلىكىنىڭ تەڭدىشى يوق پەيزىنى سۈرۈپ،
تاشلاپ مېنى يىراقلارغا كەتسەڭمۇ چىداي،
قالدىم جىمى ھاقارىتىڭ، تىلىڭغا كۆنۈپ،
رەنجىمەيمەن، باغرىمنى خۇن ئەتسەڭمۇ چىداي.
بارالايسەن دىلىڭ نەنى تارتسا بىمالال،
بۇ ئىمتىياز-ھوقۇق ھامان ساڭا مەنسۇپ-خاس.
ۋاقتىڭ ئۆتەر خاھىشىڭغا بويسۇنۇپ خۇشال،
ئۆز-ئۆزۈڭنى قىلالايسەن جازادىن خالاس.
كۈتتۈم، كۈتۈش بولسىمۇ بىر ئازابلىق لەھەت،
ئاغرىنمايمەن قانداق ھۆزۈر ئالساڭمۇ پەقەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 59

كونىسىدىن ئۆزگە يېڭى شەيئىلەر نېسىپ
قىلىنمىسا بۇ ئالەمگە، ئۇنى ئىختىرا
ئەتمەك ئۇچۇن غەمگە پېتىش—دۇنياغا كېلىپ
بولغان جانغا ھامىلىدار بولغانلىق گويا!
كۆڭۈل زاھىر ئەيلەنگەچكە يېزىقتا دەسلەپ،
ئېھ، بەش ئەسىر ئۆتسىمۇ كۆن ئايلىنىپ راۋان،
دەيمەن: تارىخ ئەشۇ يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلەپ،
ئوبرازىڭنى ئەتسە قەدىم كىتابتا ئايان؛
چۈشىنەرمەن، قەدىمكىلەر بەرگەن ئاجايىپ
جەزبدار تەن-قامىتىڭگە قانداق شان-سۆپەت؛
بىز چىۋەرمۇ؟ ئۇلار بىزدىن تۇرامدۇ غالىب؟
دەۋر چاقى ئايلاندىمۇ ئۆزگەرمەي پەقەت.
ئېھ، قەدىمكى شائىر يېزىپ قەسىدە-قوشاق،
تەرىپلىگەن قامەت ئەمەس سەندىنمۇ ئوماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 60

ئۇرۇلغاندەك دولقۇن تاشلىق ساھىلغا گويا،
كۆڭلىرىمىز چاپماقتا تېز ھالاكەت تامان،
ھەربىر مىنۇت رىقابەتكە چۈشۈپ ئۆزئارا،
بىربىرىنى سۈرۈپ، ئوقتەك ئۆتۈشەر ھامان.
ئۆمۈر پارلاق دېڭىزلاردا ئېچىپ يۈز-جامال،
تاپار ئاستا مېڭىپ يۈكسەك نۇقتا-نىشاننى،
قەبىھ زۇلمەت قىلسا ئۇنىڭ نۇرىنى قامال،
ۋاقىت نابۇت ئېتەر بەرگەن سوۋغىتى—جاننى.
ۋاقىت يالماپ يۇتار ياشلىق جۇلاسىنى ھەم
قويار نۇرلۇق ماڭلاي ئارا ئېرىقلار قېزىپ،
جىمى تۇغما گۈزەللىكلەر بولۇر ئاڭا يەم،
ھېچبىر شەيئى قۇتۇلالماس ئۇنىڭدىن قېچىپ.
ئەمما، مەۋجۇت بولۇپ ياڭراق ئەشئارىم ئەبەت،
ئېيتىپ ساڭا ھەمدۇسانا ئۈزۈلمەس پەقەت.

## 61

هارغىن، ئىغىر كۆزلىرىمنى زۇلمەتكە قاراپ
تۇرغۇزامسەن ئەيلەپ خىيال قوشۇمنى شىكار؟
كۆلەڭگەڭدىن قەستەن ئالۋۇن—ئىزىتقۇ ياساپ،
ئىتەي دەمسەن مىنى تاتلىق ئۇيقۇدىن بىدار؟
ئىشلىرىمنى بىلەي دەپ ھەم تاپاي دەپ خەۋەر
خورلۇق ئىچرە بىكار ئۆتكەن ۋاقتىمدىن مىنىڭ،
قىلدۇردۇڭمۇ ھۇزۇرۇمغا روھىڭنى سەپەر،
كۇندەشلىكنىڭ ئازابىدىن ئۆرتىنىپ تىنىڭ؟
ياق، بولسىمۇ سۆيگۈڭ تولا، زور ئەمەس بىراق،
ئۆز سۆيگۈمنىڭ قۇدرىتىدىن يۇمۇلماس كۆزۈم،
چىن مۇھەببەت—ئىشقىم ھەيدەپ ئۇيقۇمنى يىراق،
تاڭ ئاتقۇچە سىنى ئويلاپ تۇنەيمەن ئۆزۈم.
مەن سەن ئۈچۈن تۇنەرمەن، سەن يىراقتا لىكىن
ئۇخلىمايسەن ئۆزگە بىلەن بولۇپ بەك يېقىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 62

ئۆز-ئۆزىنى سۆيۈشتەك بۇ جىنايەت قامال
ئەيلىدى روھ، كۆز، جىسمىمنى قالدۇرماي چالا،
تېپىلمايدۇ ئاڭا ئەسلا ھېچ دورا-ئامال،
چوڭقۇر يىلتىز تارتقاچقا ئۇ دىلخانەم ئارا.
مەن ئۆزۈمنى دەيتىم ھامان تەڭداشسىز گۈزەل،
قەددىم چىنار، كۆڭۈل-كۆكسۈم بىپايان ئالەم؛
خىسلىتىمگە ئازلىق قىلۇر تۈمەن كۈي-غەزەل،
يوق مەن بىلەن بەسلەشكۈدەك بىرەرمۇ ئادەم.
ئەمما، بولدى كەلسەم ئەينەك ئالدىغا ئايان
زەئىپ، قارا چىراي، قېرىپ مۈكچەيگەن قامەت.
مۇنداق بىر خىل ھېس-تۇيغۇغا چۆمدۈم شۇ ھامان:
ئۆز-ئۆزىنى بۇنداق سۆيۈش ئەكەن جىنايەت.
مەن ئۆزۈمنى كۈيلىگىنىم سېنى كۈيلەش، بىل،
ياشلىقىڭدىن قېرى جىسمىم بېزەلسۇن ئېسىل.

## 63

زەئىپلەشتىم گۆزەللىكىم، ماغدۇرۇم خوراپ،
دوستۇم هامان ئەيلىنەر بۇ قىسمەتكە ئەسىر.
ۋاقىت-يىللار ئۇنىڭ ئىسسىق قېنىنى شوراپ،
قورۇق بىلەن ماڭلىيىغا سالىدۇ قەسىر.
ئۇ، گۆزەللىك شاھى ھازىر؛ قويغۇسى قەدەم
قېرىلىقنىڭ زۇلمىتىگە ياشلىق ناھارى،
گۈلى سولۇپ بولۇر ئاخىر ھالاكەتكە يەم،
بايلىقىدىن مەھرۇم قالار نۇرلۇق باھارى.
توساي ۋاقىت شەمشىرىنى ئەيلەپ جان پىدا،
شۇ چاغ ئۇچۇن ھازىر پۇختا قورغان-تام ياساپ،
ئۇ، قىلسىمۇ سىردىشىمنى ھاياتتىن جۇدا،
دىللاردىكى ئوبرازىنى ئېتەلمەس خاراب.
بولۇپ ئۇنىڭ گۈلدەك چېغى نەزمەمدە ئايان،
گۆھەر كەبى چاقناپ مەڭگۇ ساقلىنار ئامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 64

رەھىمسىز ۋاقىت پەنجىسىدە يوقالدى خوراپ،
يىراق ئۆتمۈش زامانلارنىڭ سەرخىل مىراسى،
غايىب بولدى تالاي كۆركەم مۇنارلار غۇلاپ،
مىس قورالنى ئەيلىدى خاك قىسمەت خۇداسى؛
ئاچكۆز دېڭىز دولقۇنلىرى ياساپ زور قىيان،
ساھىل شاھىنىڭ تۇپرىقىنى يەيدۇ داۋاملىق،
قۇرۇقلۇقمۇ سۇرۇپ سۇنى كېڭىيەر ھامان،
ئۇلار دائىم بىر بىرىگە بەرمەس ئاراملىق.
پايدا-زىيان نۆۋەتلىشىپ تۇرار ئۆز ئارا،
ھەر ئىككىسى ھالاكەتتىن كېتەلمەس قېچىپ؛
مېنى مۇنداق ئويغا سالدى زور ئاپەت-بالا:
ۋاقىت ئاخىر دىلكەشىمنى كەتكۇسى ئېلىپ.
بۇ ئوي گويا ئەزرائىلدەك ھەمراھدۇر ماڭا،
زار يىغلايمەن قورقۇپ ئەجەل يېتىشتىن ئاڭا.

## 65

قىلالمايدۇ قاباھەتلىك تەقدىرنى قامال
چەكسىز دېڭىز-ئوكيان، زېمىن ياكى ئۆيۈل تاش.
گۈزەللىكتە يۇمران گۈلنى يەڭگۈدەك ماجال
يوق تۇرسا، بۇ قىسمەت ئاڭا ئېگەر قانداق باش؟
بولسىمۇ بەك پۇختا، قاتتىق تاش توسما، پۇلات،
يىللار كۆككە سورار ئۇنىڭ كۈلىنى چوقۇم.
يازنىڭ گۈلگۈن ھىدى قىشنى ئېتەلەمدۇ مات،
قورشاپ جۇدۇن-چاپقۇن بىلەن باشلىسا ھۇجۇم؟
دات، ۋاقىتنىڭ زەر—بايلىقى بولمايدۇ مەجبۇر
ئۇنىڭ ساندۇق-ئامبىرىغا كىرىشكە قاچان؟
ئۇچقۇر ۋاقىت ئالدىنى كىم تورايدۇ مەغرۇر؟
گۈزەللىكنى ساقلىيالار كىملەر تىنچ-ئامان؟
پەقەت قالتىس مۆجىزىدە بار بۇنداق مادار،
ئىشقىم يارقىن مىسرالاردا مەڭگۈ نۇر چاچار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 66

ھەممىدىن جاق تويۇپ، تۇردۇم ئەجەلنى چىللاپ،
كۆردۇم: گاداي-قەلەندەرگە ئايلاندى ئالىم،
كىيدى دىتسىز-نادان پۇزۇر كىيىمنى خىللاپ،
بۇزدى پاك قىز ئىپپىتىنى قاراقچى-زالىم،
قويۇلمىدى ئۆز ئورنىغا يۈكسەك شەرەپ-شان،
ۋاپاغا ئۆچ دىلدىن دەشنام يېدى ساداقەت،
توكۇر قۇدرەت باھادىرنى قىلدى يېرىم جان،
ئادىللىققا رەزىللىكتىن ياغدى ھاقارەت،
سەنئەت دەۋر زەربىسىدىن سۇرەلمەس زۇۋان،
دانا سىياق دۆت ھۆكۈمران ھېكمەت كانىغا،
ساپ ھەقىقەت دېيىلمەكتە ھاماقەت-نادان،
تۇتقۇن بولۇپ ئىشلەر ساۋاب گۇناھ شاھىغا.
جاندىن كېچەي، بۇنداق ئىشتىن بولدۇم بەك بىزار،
كۆز يۇمسامىلا تەنھالىقتا ياشايدۇ نىگار.

## 67

ئاھ، ئۇ نېچۈن تۇتۇپ ۋابا-چومانى نىگار،
بولماقچىدۇر گۇناھلارغا يېقىن دوست-يۆلەك؟
ئۆلار ئېلىپ ئۇنىڭ شەرەپ-شانىدىن مادار،
بەرمەمدۇ زور جىنايەتكە چىرايلىق بېزەك؟
پەرداز ئۆلۈك سىن ئوغرىلاپ ئۇنىڭ جەزبدار
رۇخسارىدىن، ئۇنى ياساپ ئالدايدۇ نېچۈن؟
گۈلدەك زىبا سىياق ئاڭا بولغان تۇرسا يار،
گۈزەللىك گۈل ئىزدەپ ئارام ئالمايدۇ نېچۈن؟
ئۇ نېمىشقا ئۆلمەس، ۋەيران بولۇپ تەبىئەت،
قانلار خوراپ تومۇرلىرى سوقىسمۇ ئاران؟
چۈنكى، ئۇنى مەبلىغىم دەپ تونۇپ تەبىئەت،
ئۇ ياراتقان پايدا بىلەن ياشايدۇ ئامان.
ئېھ، ئۇ ئۇنى ساقلار كەلسە ھوسۇلسىز زامان،
بولسۇن ئاڭا، دەپ، بۆرۈنقى بايلىقىم ئايان.

## 68

ئۇ— ئۆتمۈشنىڭ خەزىنىسى، گۈزەللىك بۇرۇن
گۈلدەك پورەك ئاچسا يەنە بولاتتى خازان،
ساختا ئۆزلۈق ئالمىغاچقا دۇنيادىن ئورۇن،
قوناس ئىدى تىرىكلەرنىڭ چېھرىگە ھامان؛
گۆر بايلىقى ھېسابلىنىپ جەسەتنىڭ چېچى،
سۈرەلمەيتتى ئوغرىلىنىپ قايتا ھاياتلىق،
مەرھۇملارنىڭ زەر چېچىنى باشقىلار تېخى
كىيەلمەيتتى كۆرۈنەي، دەپ يارقىن، سۈباتلىق.
شۇ مۇقەددەس دەۋر ئۇنىڭ چېھرىدە زاھىر،
ئۇ، قىلمىدى ئۇپا-ئەڭلىك، پەردازنى كېرەك،
ئەجرى بىلەن ئۆزگىچە ياز ياراتتى ھازىر،
گۈللىرىگە كونا رەڭدىن ئالمىدى بېزەك.
تەبىئەت بۇ خەزىنىنى ساقلار قەدىرلەپ،
ساختا سەنئەت، كۆر قەدىمكى گۈزەللىكنى، دەپ.

# 69

ئەل كۆزىنى ئەسىر قىلغان تەڭداشسىز گۈزەل
قامىتىڭنىڭ تەسۋىرىگە تېپىلمايدۇ سۆز؛
دىل ئەلچىسى — تىلدىن ئاڭا ياغار كۈي-غەزەل،
ھەتتا سېنىڭ رەقىبىڭمۇ يۇمالمايدۇ كۆز.
بۇ يۈزەكى قەسىدە خاس چىراي، قەددىڭگە؛
لېكىن، تاشقى سىياقىڭنى ماختىغان ئاۋام
ئۆتكۈر ئەقىل كۆزلىرىدە بېقىپ قەلبىڭگە،
كۈيىنىڭ ئاھاڭ، تېكىستىنى ئۆزگەرتتى تامام.
ئۇلار روھىي گۈزەللىككە باغلار ئىشتىياق،
بىلدى سېنى، قىلغان ھەربىر ئىشىڭغا قاراپ،
كۆزلىرىدە كۈلكە ئوينار، كۆڭلىدە بىراق
دەيدۇ: تۇرار گۈللىرىڭدىن سېسىق ھىد تاراپ.
سەن — گۈل، نېچۈن تارقاتمايسەن سەرخىل خۇش پۇراق؟
چۈنكى، تۇپراق بەرگەن ساڭا مۇشۇنداق سىياق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 70

ئەيىبلەندىڭ يوق تۇرۇپمۇ گۇناھىڭ پەقەت،
چۈنكى، تۆھمەت گۈزەللەردىن كېتەلمەس يىراق؛
زىننەت بېرەر ئاي يۈزلەرگە كۇندەشلىك — ھەسەت،
خۇددى زۇمرەت كۆكتە قاغا پەر قاققان سىياق.
قىل ئىپتىيات، قالساڭ ۋاقىت-زامانغا ياراپ،
تۆھمەت بىلەن ئۆسكەي سېنىڭ قەدرىڭ-باھايىڭ،
قۇرتلار يۇمران گۈللىرىڭدە تۇرسىمۇ ياشاپ،
بۇلغانمايدۇ پاك-غۇبارسىز نۇرلۇق باھارىڭ.
زەربە يېمەي ياكى جەڭدە قۇچۇپ شان-شەرەپ،
ياشلىق قويغان پىستىرمىدىن ئۆتتۈڭ بىمالال
باسسا پۈتكۈل يەر-جاھاننى ھەسەتلەر ئەدەپ،
ئۇنى بۇنداق كۈي-قەسىدە قىلالماس قامال.
توسمىسا يۈز-جامالىڭنى تۆھمەت تۇمانى،
بولالايسەن بارچە دىلنىڭ مەغرۇر خاقانى.

## 71

بۇ شەپقەتسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىپ ئەگەر
كەتسەم قەبىھ قۇرت-قوڭغۇزغا بولماق ئۈچۈن يەم،
ماتەم كۈيى ياڭراپ، تاپساڭ ئۆلۈمدىن خەۋەر،
ھەسرەت يۇتۇپ قىلما شەھلا كۆزلىرىڭنى نەم.
بۇ نەزمىگە نىگاھ تاشلاپ تۇرغان چېغىڭدا،
ئۇنى يازغان قولنى يادلاپ يۈرمىسۇن تىلىڭ؛
كۆلەڭگەمنى قالدۇرمىغىن كۆڭۈل بېغىڭدا،
خىيالىڭدىن كەچسەم، ئازاب چەكمىسۇن دىلىڭ.
ئېھتىمال، سەن بۇ نەزمىنى كۆرگەندە، جىسمىم
كۆزدىن يۇتەر ئايلىنىپ شۇ تۇپراق-توزانغا،
ئەمدى ھەرگىز يەتمىسۇن، بەس، يادىڭغا ئىسمىم،
سۆيگۈڭ كەتسۇن مەن بىلەن تەڭ باقىي جاھانغا.
ھەسرىتىڭنى كۆرۈپ قالسا ئەقىللىق جاھان،
مەن ئۆلگەندە سېنى زاڭلىق ئەيلەيدۇ ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 72

ئۆلسەم، خەقلەر خىسلىتىمنى سورىسا سەندىن،
ماڭا بولغان سۆيگۈ ئوتۇڭ ئۆچمەيدۇ زىنھار،
تاپالمايسەن بىرەر گۈزەل ئەخلاقنى مەندىن،
شۇڭا، ئۇنتۇپ كەتكىن مېنى، ياد ئەتمە، دىلدار.
سەن يېقىملىق، ئەمما يالغان سۆزلەردە ماڭا
ئالەمشۇمۇل پەزىلەتتىن بېرىپ رەڭ-بوياق،
ئېيتساڭ يەنە زىيادە كۆپ قەسىدە— سانا،
بېخىل چىنلىق—رېئاللىقتىن كېتەرسەن يىراق.
ئاھ، ئارتۇقچە ماختاپ مېنى كۆرسەتسەڭ ئېسىل،
ساختا-يالغان تۈيۇلمىسۇن چىن سۆيگۈڭ ئەلگە،
ئىسمىم ياشاپ ئىككىمىزنى قىلمىسۇن خىجىل،
جىسمىم بىلەن بىللە مەڭگۈ كۆمۈلسۇن يەرگە.
چۈنكى، ئىزا تارتقۇزىدۇ ئىللىتىم مېنى،
كۆيىدۇ ماڭا، خىجىللىقمۇ بوش قويماس سېنى.

## 73

سەن جىسمىمغا سالساڭ نەزەر، ئايان مۇنداق هال:
شامال-جۇتتا غال-غال تىترەپ قىيسايغان شاختا
ياپراقلار يوق ياكى قالغان ئاران ئۇچ-تۆت تال،
ئۇندا بۇرۇن بۇلبۇل ئېيتقان يېقىملىق ناخشا.
مۇنداق گۈگۈم زاهىر مەندە تاشلىساڭ نەزەر:
كەچكى قۇياش يۇتتى مەغرىپ كۆكىدىن تامام،
ئەزرائىل—تۇن قويماي قالدۇق شەپەقتىن ئەسەر،
مەۋجۇداتنى قىستىماقتا تېپىشقا ئارام.
سەن جىسمىمغا باقساڭ، مۇنداق زەئىپ چوغ ئايان:
ئۇ، ياشلىقنىڭ كۇللىرىدە ياتماقتا قاراپ،
جان تالىشار چۇشۇپ گويا سەكراتقا، هامان
ئۇنى باققان يانغىن بىلەن بولۇر تەڭ خاراب.
سەن بۇلارنى كۆرسەڭ ئىشقىڭ كۇچىيەر قەۋەت،
سۆي قەدىرلەپ يارنى، ئاڭا كۆز تىكتى لەهەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 74

كۆڭلۈك ئەمەس تاپسۇن، مېنى رەھىمسىز ئەجەل
كېپىللىككە بەرمەي ئاخىر كەتسىمۇ تۇتۇپ،
ھاياتىمنىڭ يادنامىسى — بۇ نەزمە-غەزەل
ئۆمۈرۋايەت قالغاي سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ.
ئاڭا قايتا كۆز يۈگۈرتسەڭ، بولىدۇ ئايان
مېنىڭ ساڭا بېغىشلىغان ئەڭ ئېسىل قىسمىم،
لاي ئىگىدۇر ئۆز ئۈلۈشى لايىغىلا ھامان[1]؛
روھىم سېنىڭ، بۇ دەل نادىر، ھەقىقىي جىسمىم.
ئايرىلارسەن ھاياتىمنىڭ شاكىلىدىن ھەم
ناكەسلەرگە بويۇن ئەگكەن نەرسىدىن پەقەت،
پەسكەش تېنىم بولۇر تويماس قۇرتلارغا يەم
ئۇ، قەدىرلەپ ئەسلىشىڭگە ئەرزىمەس ئەبەت.
جىسمىم روھىنىڭ خىسلىتىدىن قەدرىنى تاپار،
بۇ نەزمە — روھ، ئۇ سەن بىلەن مەڭگۈ بىر ياشار.

---

① شائىر بۇ مىسرادا ئىنجىلدىكى ”ئادەم سۇ بىلەن تۇپراقتىن يارىتىلغان“ دېگەن قاراش بويىچە، ئۆز تېنىنىڭ پەقەت لايدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، روھىي دۇنياسى (قەلبى) نىڭ ھەقىقىي تەن-جىسمى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

## 75

هاياتلىق ئاش-نانغا، زېمىن يامغۇر-يېشىنغا
تەشنا بولغان كەبى، قەلبىم زار ساڭا دائىم.
ئەنسىرەيمەن كېلىشىدىن كۈلپەت بېشىڭغا،
گويا بېخىل پۇل-مال ئۈچۈن يېگەندەك ۋايىم.
ئۇ، مۇلكىدىن پەخىرلەنسە، شۇ ئان يىل ئاڭا
تەگكۈزىدۇ سوغۇق قول دەپ تاپالماس ئارام؛
گاھ ئويلىسام مەنلا ھەمراھ بولۇشنى ساڭا،
دەيمەن يەنە: كۆرسە سېنى جىمى ئەل-ئاۋام؛
گاھى قاراپ قامىتىڭگە تويۇنسام پەۋەس،
بەك ئېچىرقاپ تەلمۈرىمەن ئۆتمەستىن ھايال؛
باغلىمايمەن باشقا بىرەر شادلىققا ھەۋەس،
ئەيلەپ ماڭا شەپقەت-ۋاپا، كۆرسەتسەڭ جامال.
گاھ ئېچىرقاپ زار قاقشارمەن، گاھ ئۆتەرمەن توق،
گاھى بولسا نازۇنېمەت، گاھى چاغدا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 76

نېچۈن مېنىڭ نەزمەمدە يوق ئۆزگىچە پۇراق،
دەۋرانغا خاس يېڭى ئۇسلۇب، پىكىر يا شەكىل؟
نېچۈن خەقتەك ئېقىملارغا باغلاپ ئىشتىياق،
ئاڭا باشقا تۇس بەرمەيمەن ئىشلىتىپ ئەقىل؟
نېچۈن ئوخشاش بىر تېمىدا يازىمەن هامان
داڭدار كونا ژانىر بىلەن يېڭى كۈي — ئەسەر؟
نېچۈن هەربىر سۆز ئاساسەن قىلالار بايان
كەچمىشلىرى قانداق، كېلىش مەنبەسى قەيەر؟
بىلگىن، جېنىم، مەڭگۈ سېنى ئۆتەرمەن يېزىپ،
سۆيگۈ بىلەن ئۆزۈڭ ئۆلمەس باش تېما ماڭا،
كونا سۆزدىن يېڭى مەقسەت — خىيالنى قېزىپ،
دېيمەن ئېيتىپ بولغىنىمنى قايتىدىن ساڭا:
ئالماشقاندەك كونا، يېڭى قۇياش كۈندە بىر،
سۆيگۈم كونا گەپنى يەنە ئەيلىگەي زىكىر.

## 77

سولۇۋاتقان ھۆسن گۈلۈڭ ئەينەكتە ئايان،
گنومون①دا ئۆچۈۋاتقان ياشلىق نۇرۇڭ ھەم؛
دىل ئىزلىرىڭ پۈتۈلەر بۇ دەپتەرگە ھامان،
ئۇنىڭ ھەربىر بېتى ساڭا بەرگەي ساۋاق، پەم.
ئەينىكىڭدە ئەكس ئەتكەن قورۇق سانىدىن
ئېچىرقىغان گۆر يادىڭغا يېتەر ھەر زامان؛
گنوموندا ئۈنسىز كۆچۈپ تۇرغان سايىدىن
بىلگىن: ۋاقىت ماڭار ئاستا مەڭگۈلۈك تامان.
ئېسىڭ ساقلاپ قالالمىغان ئىشلارنى قۇرۇق
ۋاراقلارغا يۈكلە ئىشەنچ باغلاپ سەن ئاڭا،
تونۇتقۇسى ئۆز قەلبىڭنى قايتىدىن تولۇق
كاللاڭ تۇغۇپ باققان ئوغۇل شۇندىلا ساڭا.
ئەينەك بىلەن گنومونغا قارىساڭ ھەردەم،
نەپ ئالارسەن، بېيىپ بارغاي بۇ دەپتىرىڭ ھەم.

① گنومون—قۇياش سائىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 78

مىيۇسىم بول، دەپ تىلەرمەن ھەر دائىم سېنى،
كۆي-نەزمەمگە ئىزدەپ چەكسىز قۇدرەتلىك يۆلەك.
دوراپ بۇگۈن يات-ناتونۇش قەلەملەر مېنى،
ھېمايەڭدە نەزمىسىنى قىلماقتا كۆرەك.
كۆزۈڭ بەرگەن گاچىلارغا ناخشىدىن ساۋات،
ئۆگەتكەن دۆت-گومۇشلارغا ئەيلەشنى پەرۋاز،
تاقاپ يۇمران پەيگە يەنە بىلىمدىن قانات،
نازاكەتكە بەخش ئەتتى قوش ھەيۋە—پەرداز،
ئەمما، ئەسەر—ئىجادىمدىن پەخىرلەن قەۋەت،
پۇتكەن ئۇلار ئۆزۈڭ ماڭا بولغاچقا تىرەك،
ئىگە قىلدىڭ ئۆزگىلەرنى ئۇسلۇبقا پەقەت،
گۈزەللىكىڭ نەزمىسىگە بەردى تاج—بېزەك.
بىراق، پۇتكۇل سەنئىتىم، دەپ بىلەرمەن سېنى،
نادانلىقتىن دانىشمەنگە كۆتۈردۈڭ مېنى.

## 79

گۈزەللىكنىڭ بولغان پەقەت نەزمەمگە نېسىپ،
ياردەم سوراپ مەن ئىلتىجا قىلغاندا ساڭا.
ئەمدى يارقىن مىسرالىرىم كونىراپ-چىرىپ،
خەققە ئورۇن بەردى نىمجان مىيۇسىم مانا.
ئەي يار، نادىر تېما ئۆزۈڭ، ئەرزىيدۇ ماھىر
قەلەم سېنى يازسا قانچە سىڭدۈرۈپ ئەجىر،
ئەمما، سەندىن ئالغىنىنى قايتۇرار شائىر،
ئوماقلىقىڭ بەرگەچ ئاڭا زور تالانت، بەھىر.
ئۇ، خۇلقۇڭدىن پەزىلەتنى، ئايدەك يۈزۈڭدىن
گۈزەللىكنى ئوغرىلاپ ھەم ياندۇرار ساڭا؛
ئۇ، دەسمايە، ئىلھام-مەدەت ئالغاچ ئۆزۈڭدىن،
ئوتلۇق، ئېسىل ھەمدۇسانا ياغدۇرار ساڭا.
سېنى كۈيگە قاتسا، ئېيتما تەشەككۈر ئاڭا،
قايتۇردى ئۇ پەقەت سەندىن ئالغاننى ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 80

ئاھ! زۇۋانىم ئۆچتى يازغان ۋاقتىمدا سېنى،
بىر مول تالانت ئەھلىدىن ئات-نامىڭنى ئاڭلاپ،
ئۇ، قايتا ئۇن چىقارماسلىق قەستىدە مېنى،
جەھلى بىلەن تۇرار شۆھرەت-شانىڭنى داڭلاپ.
ئەمما، يۈكسەك پەزىلىتىڭ ئوكيان كەبى كەڭ.
سىغدۇرارسەن يەكلىمەستىن دەپ نەپىس، قوپال،
كەلمىسىمۇ ئۇنىڭ كۆركەم كېمىسىگە تەڭ،
سەت قولۋىقىم دېڭىزىڭدا ئۈزگەي بىمالال.
سېنىڭ تېيىز دۇمبىلىڭدە قالارمەن لەيلەپ،
ئۇ، پايانسىز سۇلىرىڭنى ماڭغاندا يېرىپ،
ياكى مېنى دولقۇنلىرىڭ چۆكتۈرسە چەيلەپ،
ئۇ، تۇرار زور ھەيۋەت بىلەن قەددىنى كېرىپ،
دۇچ كېلەرمەن تالاپەتكە، ئۇ قۇچسا زەپەر،
ئەڭ يامىنى: سۆيگۈم ماڭا يەتكۈزدى زەرەر.

## 81

يازدىم قەبرە تەزكىرەڭنى ئۆمرۈڭنى كۆزلەپ،
سەن ياشايسەن، مەن تۇپراقتا تۇگەيمەن چىرىپ؛
ھېچكىم مېنى ئەسلىمەيدۇ شانىمنى سۆزلەپ،
ئەجەل سېنى ئەل يادىدىن كېتەلمەس ئېلىپ.
شۇندىن كېيىن دەۋران سۇرەر نام-ئىسمىڭ ئەبەت،
ھايات شامىم ئۆچسە، مەندىن قالماس ئىز-نىشان.
زېمىن ماڭا بېرەر ئاددىي يەرلىكنى پەقەت،
سەن ئىنسانلار كۆزلىرىنى ئەيلەرسەن ماكان.
مىسرالىرىم بولغاي مۇنار—ئابىدە ساڭا،
كەلگۈسىدە كۆزلەر ئۇنى تويمايدۇ كۆرۈپ،
سانسىز ئەسىر تاراپ، توزان قونمايدۇ ئاڭا،
دەۋرىمدىكى بارچە ئادەم كەتسىمۇ ئۆلۈپ.
قەلىمىمگە يار بولغاچقا ئاجايىپ قۇدرەت،
ھاياتلىقنىڭ تاپار ئىنسان ئاغزىدا نۇسرەت.

## 82

مېۋىسىمغا چاتمىدىڭ دىل رىشتىڭنى، شۇڭا
سېنى دەستۇر-تېما ئەيلەپ، شائىرلار ئېسىل
نەزمەنامە يازدى تامام بېغىشلاپ ساڭا،
زېھنىڭ بىلەن كۆر ئۇلارنى، بولمىغىن خىجىل.
ئىدرىكىڭمۇ رۇخسارىڭدەك ئۆزگىچە—سەرخىل،
چاندى كۈيۈم خىسلىتىڭنىڭ ئالدىدا، سەزدىڭ؛
ئىزدەپ شۇڭا دەۋرانغا خاس يېپيېڭى، ھەرخىل
نادىر ئەسەر—نەزمە، باشقا يۇرتلارنى كەزدىڭ.
بۇمۇ بەرھەق، ئەمما ئۇلار كۆپتۇرۇپ قەۋەت،
سېنى تۇرلۇك رەڭلەر بىلەن بېزەيدۇ ھامان،
چىن—سەممىي سۆزلەپ سادىق دىلكىشىڭ پەقەت،
ئەيلەر ئەسلى ھالىتىڭنى ئۆز پېتى ئايان.
قان كەم يۈزگە سۇرسۇن ئۇپا-ئەڭلىكنى ئۇلار،
ياراشمايدۇ گىلاس يەڭلىغ چېھرىڭگە بۇلار.

## 83

گۈل يۈزۈڭگە سۈرمىگەنمەن بىھۇدە بوياق،
سەزمىگەچكە قىلغىنىڭنى ئەڭلىككە ھەۋەس،
بىلدىم ياكى بىلمەن دەپ ئويلايمەن، ئوماق
قامىتىڭگە خەقنىڭ پۈچەك كۆيى باب ئەمەس.
قىممىتىڭنى تەرىپلەشتىن توختىدىم شۇڭا،
ئاددىي قەلەم سىزالمايدۇ ئەسلىڭنى ئېنىق،
گۈزەللىكىڭ— ئىسپاتىڭنى كۆرسەتكىن ئاڭا،
بەرمىسۇن ئۇ خىسلىتىڭگە رەڭنى بەك قېنىق.
ئارتتىڭ گۇناھ-جىنايەتنى سۈرمىسەم زۇۋان،
ئەمما، سۈكۈت قىلماق يۈكسەك شەرەپتۇر ماڭا،
چۈنكى، يەتمەس گۈزەللىككە جىم تۇرسام زىيان،
ھايات بەرمەك بولۇپ، قەبرە بەردى خەق ساڭا.
سېنىڭ ئىككى شائىرىڭدىن تۆرەلگەن غەزەل
كۆزۈڭدىكى جۇلادىنمۇ ئەمەستۇر گۈزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 84

كىمنىڭ گېپى ئەڭ يېقىملىق؟ قانداق قەسىدە
سېنىڭ ئەينەن تەسۋىرىڭگە كېلەلەيدۇ تەڭ؟
بار ئۇنىڭدا تەڭدىشى يوق بايلىق— خەزىنە،
شۇ بايلىقنا كىملەر ئېلان قىلالايدۇ جەڭ؟
پېرسۇناژغا بېرەلمىسە قەلەم شان-ئاتاق،
ھېسابلىنار كۆچ-مادارسىز، نامرات شۇقەدەر،
رۇخسارىڭنى سۈرەتلىسە ئۆز ئەينى بىراق،
تاپار يۈكسەك شەرەپ ئۇندىن يارالغان ئەسەر.
ئۇ، كۆچۈرسۇن جىسمىڭدىكى جۇملىنى تولۇق،
بۇزۇلمىسۇن تەڭرىنىڭ ساپ سەنئىتى— ئەجرى،
شۇ چاغ، ئىجاد بابىدا ئۇ قازىنىپ ئۇتۇق،
ئۆسەر بۇنداق ئۇسلۇبىنىڭ قىممىتى-قەدرى.
خەقنىڭ ئوشۇق ماختىشىغا ئامراقسەن قەۋەت،
بۇ، ئۆزۈڭنىڭ قۇت-بەختىگە ئۇ قۇشتۇر لەنەت.

## 85

پۇتكۇل مېيۇس تۇزۇپ چىققان سەرخىل، بىباھا
سۆزنى ئەيلەپ زەر قەلەمدە بىرمۇبىر بايان،
ياغدۇرسا خەق ئۇزمەي ساڭا كۈي-ھەمدۇسانا،
ئەدەب بىلەن تۇرار سۇرمەي مېيۇسىم زۇۋان.
ئېيتار ئۇلار قەسىدە، مەن سوكۇتتە بىراق؛
تالانتلىقلار ئېلىپ يېڭى ئۇسلۇبتىن مەدەت،
ھەر رەت يېزىپ چىقسا نادىر مەدھىيە-قوشاق،
مەن ساۋاتسىز پوپتەك «ئامىن» دېگەيمەن پەقەت.
مەيلى قانداق ماختىسۇن، يات تۇيۇلماس ماڭا،
توغرا دەرمەن سېنى كۆككە كۆتۈرسە ئۇلار؛
ئەمما، بۇ سۆز دىلدا، قەلبىم بىقارار ساڭا،
سۆزلىسەممۇ ئاستا، پىكرىم ئوق كەبى ئۇچار.
قەدىرلىگىن سەن ئۇلارنى، سۆز-نەزمىسى بار،
ھۆرمەتلىگىن مېنى، ماڭا ئۇنسىز پىكىر يار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 86

ئۇنىڭ كۆچلۈك مىسرالىرى قىلدۇرۇپ جەۋلان
يەلكىنىنى، سۇزۇپ سەندەك بىباھا زەرنى،
ئەيلەپ پىشقان خىيالىمنى كاللامدا ۋەيران،
گۆر ئەتتىمۇ ئۇ — ھامىلە تۆرەلگەن يەرنى؟
ئۇنىڭ قەلبى ئەرۋاھلاردىن ئېلىپ تەلىمات،
يېزىپ نادىر نەزمە، مېنى ئاسقانمۇ دارغا؟
ياق، ئۇ ئەمەس ھەم تۇن ئاغا بولۇپ قول-قانات،
ھەيۋىسىدە ئىتتىرمىگەن ناخشامنى يارغا.
ماختانمىسۇن ئۇ يا ئۇنىڭ ئەقىللىق، ئۇماق،
تۇندە ئۇنى ئالدايدىغان ئەرۋاھى پەقەت،
كەلتۈرەلمەس ئۇلار ماڭا ماالللىق — چاتاق،
تەھدىتىگە زىنھار بويۇن ئەگمەسمەن ئەبەت.
ئەمما، ئۇنىڭ نەزمىسىگە تاشلىدىڭ نەزەر،
ئۆچتى ئۇنۇم، ئىلھامىمدىن قالمىغاچ ئەسەر.

## 87

خوش! بىباھا زەرسەن، نىسىپ بولمايسەن ماڭا،
ئۆزۈڭگىمۇ يۈكسەك قەدىر-قىممىتىڭ ئايان.
بەردى ھۆرلۈك ھوقۇقىنى خىسلىتىڭ ماڭا،
ئەمدى توختام-ۋەدىمىزدىن قالمىدى نىشان.
تەستىقىڭسىز ئالاي قانداق ئىلكىمگە سىنى؟
بولسۇن ماڭا نەدە بۇنداق ئامەت-بەخت يار؟
كاتتا سوۋغاڭ كۆرمىگەچكە مۇناسىپ مىنى،
پەۋقۇلئاددە ھوقۇقۇمنى ئەيلىدىم بىكار.
بەلكىم، بۇرۇن قىممىتىڭنى بىلمەي يا خاتا
تونۇپ مىنى، شەپقىتىڭگە قىلغانسەن نائىل؛
دەل جايىنى تاپمىغان زور ئىنئامىڭ شۇڭا
ئۆز قولۇڭغا قايتتى، مەن بۇ ھۆكۈمگە قايىل.
خۇددى شىرىن چۈشتەك ساڭا ئىرىشتىم بۇرۇن،
مەن چۈشۈمدە شاھ، ئوڭۇمدا قىسارمەن بويۇن.

## 88

ئۇرماق بولۇپ شان-شەۋكىتىم، ھەيۋەمنى يەرگە،
تۆھپەمگە سەن زاڭلىق بىلەن تاشلىساڭ نەزەر،
مەن سەن ئۈچۈن بېرىپ دائىم ئۆزۈمگە زەربە،
ماختاي سېنى، قويمىساڭمۇ ۋاپادىن ئەسەر.
بارچە نۇقسان-ئىللەتلىرىم ئايانتۇر ماڭا،
بەختىڭ ئۈچۈن ئۆز ئۈستۈمگە يۈكلەي جىنايەت،
شۇندا مېنى دىلخانەڭدىن قوغلىساڭ، ساڭا
تەبەسسۇمدا باققاي چوقۇم شۆھرەت-ئىناۋەت.
مەنمۇ شادلىق دېڭىزىغا چۆمەرمەن شۇ چاغ،
چۈنكى، مېنىڭ سۆيگۈ-ئىشقىم بىر ساڭا مايىل،
نەپ ئالارسەن ئۆز تېنىمگە سۇركىسەم كىر-داغ،
مەن بولۇرمەن نەچچە ھەسسە پايدىغا نائىل.
مەن ئىشقىڭدا مەجنۇن، مەنسۇپ بارلىقىم ساڭا،
ناھەق ئازاب چەكسەم مەيلى سەن ئۈچۈن شۇڭا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 89

تەرك ئەتتىم، دېدىڭ، ئىللەت بولغاچقا مەندە،
بۇ سۆزۈڭنى مەن ئىزاھلاپ ئەيلەرمەن بايان.
چۈشسە سەندىن پەرمان، بولاي بىر توكۇر بەندە،
قارارىڭغا بويۇن تولغاپ يۈرمەسمەن ھامان.
مەيلى، دەستەك تېپىپ، ماڭا ياغدۇر تىل-لەنەت،
ئۆز-ئۆزۈمنى تىللاش بۇندىن ئازابلىق لېكىن.
چۈشەنگەچكە خىيالىڭنى، مەن سېنى پەقەت
كۆرمىگەندەك يولىماسمەن يېنىڭغا يېقىن.
زەپ يېقىملىق گۈلگۈن، گۈزەل مۇبارەك نامىڭ،
ئەمدى مەڭگۈ ئۇنى تىلغا يۈرمەيمەن ئېلىپ،
ئالسام ئەگەر، يەيدۇ ئازار شۆھرىتىڭ-شانىڭ،
ئەل بۇرۇنقى سۆيگۈمىزنى قالغۇسى بىلىپ.
مەن ئۆزۈمگە تىغ ئۇرۇشقا رازى سەن ئۈچۈن،
چۈنكى، سەن ئۆچ ئادەم ھامان رەقىب مەن ئۈچۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

## 90

نەپرەتلىنەي، دېسەڭ مەندىن، ئەل ماڭا كۆلپەت
تىلەپ تۇرغان بۇ پۇسەتنى ئۆتكۈزمە بىكار،
سەن ھەيۋەمنى سۇندۇر تۇتۇپ قىسمەتنى ئۆلپەت،
زەربە بېرىپ مەندەك خارنى قىلما يەنە خار.
دىلخانەمدىن ھەيدەلگەندە نادامەت-يىغان،
زەربەڭ بىلەن سالما ئاڭا قايتىدىن ئازاب،
كەلمە باشلاپ ھۆل-يېغىننى تىنجىسا بوران،
سال توختىماي جەبرە، ئەيلە ھالىمنى خاراب.
كەت بۈگۈنلا، كېتەر بولساڭ يېنىمدىن شەكسىز،
دىلغا ئۆزگە ھەسرەت تىغى تۇرغاندا پېتىپ،
پۈتكۈل پىراق كەلسە تەڭلا، ئەڭ باشتا چەكسىز
تالاپەتنىڭ تۇز-تەمىنى باققايمەن تېتىپ.
باشقا دەردلەر ئەيلەر بۈگۈن باغرىمنى كاۋاپ.
ھىجرانىڭنىڭ ئالدىدا بۇ سانالماس ئازاب.

# 91

بىرى ماختار نەسەبىنى، بىرى ئەقلىنى،
بىرى بايلىق، بىرى قۇدرەت-ئىقتىدارىنى،
بىرى پۇزۇر كىيىمىنىڭ پاسون-شەكلىنى،
بىرى تايغان، ئوۋ بۈركۈتى يا تۇلپارىنى.
ھەركىشىدە ھەۋەس بولغاچقا ھامان،
ئىزدەر ئۇنىدىن ئۆزگىچە بىر ئىپتىخار-غۇرۇر،
ئەمما، بۇنداق قىزىقىشنى قىلماسمەن مىزان؛
قەلبىم ئارا ئوخچار چەكسىز قۇدرەتلىك ھۇزۇر.
سۆيگۈڭ ماڭا شان-شۆھرەتلىك نەسەبتىن ئەزىز،
بايلىق، پۇزۇر كىيىملەردىن يۈكسەك شۇ قەدەر،
تايغان، تۇلپار، بۈركۈت بەرگەن ھۇزۇردىن لەزىز؛
سەنلا بولساڭ ئەلگە خۇشال تاشلايمەن نەزەر.
كەتسەڭ ئەگەر بارچە ئىشىق-سۆيگۈڭنى باشلاپ،
مىنى ھەسرەت كوچىسىغا قويارسەن تاشلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 92

قىلچە شەپە چىقارماستىن كەتسەڭمۇ، بىراق
سەن ماڭا خاس تاكى ئۆمرۈك تاپقۇچە زاۋال.
نەپەسلىرىم ئەتمەس داۋام سۆيگۈڭدىن ئۇزاق،
مەن سۆيگۈڭسىز قىلالماسمەن ياشاشقا ئامال.
كەلدى باشلاپ ئەزرائىلنى ئەرزىمەس خەتەر،
شۇڭا ئەڭ زور تالاپەتتىن يىمەيمەن ۋايىم.
سالدىم مانا بىر بەختىيار ماكانغا نەزەر،
ئۇ، مۇھەببەت-نەپرىتىڭدىن مۇستەسنا دائىم.
ئاينىشىڭغا باغلىق بولغاچ ھاياتىم مېنىڭ،
ساداقەتسىز قەلبىڭ مېنى قىلالماس مالال.
ئىھ، بەختلىك ئىمتىيازغا ئېرىشتىم: سېنىڭ
سۆيگۈڭگە يار بولدۇم، گۆرگە كىتەرمەن خۇشال!
كىم بەختكە دەز يېتىشتىن ئەيلىمەس ھەزەر؟
ئېھتىمال يۈز ئۆرۈگەنسەن بەرمەيلا خەۋەر.

## 93

كۆز يۇمىسام، مەن ئالدىنىپ قالغان ئەر سىياق،
ئۆزگەرمىدىڭ دەيمەن؛ مەندىن تانساڭمۇ ئۆزۈڭ،
كۆرۈنەرسەن بۇرۇنقىدەك ۋىجدانلىق، ئوماق؛
كۆڭلۈڭ باشقا يەردە، مەندە بولسىمۇ كۆزۈڭ:
نىگاھىڭدىن تۇرمىغاچقا بىزارلىق يېغىپ،
ئالالماسمەن قەلبىڭدىكى ئايىنىشتىن دېرەك.
تالاي ئىنسان كەتسە ۋاپا يولىدىن ئېغىپ،
نەپرىتىنى ئەيلەر سوغۇق ئەپتىدە كۆرەك.
ئەمما، سېنى ياراتقاندا دۇنياغا خۇدا،
مۇھەببەتكە بەرگەن ئەبەد چېھرىڭدىن ماكان،
ساداقەتنى دىل قەسرىڭدىن قىلساڭمۇ جۇدا،
چولپان كەبى كۆزلىرىڭگە تەبەسسۇم خاقان.
خىسلىتىڭگە ماسلاشمىسا قەددى-قامىتىڭ،
ئوخشار ھاۋا ئالمىسى[1]غا گۈزەل ھالىتىڭ.

---

① ئىنجىلدە قەيت قىلىنىشىچە، ھاۋا ئانا ئىلاننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، ساخاۋەت ۋە جىنايەت شېخىدىكى ئالمىنى ئوغرىلاپ يەپ قويغاچقا، جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان. بۇ ئالما تاتلىق بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنى يېگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## 94

بەزىلەرنىڭ خەققە زىيان سېلىشقا كۆزى
يېتەر، لېكىن قىلماس ئۇنىڭ باغرىنى يارا،
ئۆزگە دىلغا ئوت ياقسىمۇ سۆيگۈدىن، ئۆزى
مۇھەببەتكە بەنت بولۇشنى كۆرمەيدۇ راۋا.
لايىق ئۇلار تەڭرىنىڭ مول ھىممەت-مېھرىگە،
ساقلار ئۇنىڭ بايلىقىنى خوراتماي ئۇزاق.
يالغۇز ئۆزى خوجا مەڭگۇ يارقىن چېھرىگە،
گۇزەللىكنىڭ قۇللىرىدۇر باشقىلار بىراق.
ياز گۇللىرى يازغا بەخش ئەيلەيدۇ ئىپار،
سىڭدۇرسىمۇ تەقدىرىنى ئويلاپ كۆپ ئەجىر،
شۇ گۇل ئەگەر بولسا قەبىھ ۋاباغا دۇچار،
بەد بۇي ياۋا ئوتچىلىكمۇ تاپالماس قەدىر.
ھېچكىم قاراپ قويماس قالسا ھەسەلمۇ ئېچىپ،
ياۋا ئوتتىن بەد بۇي پۇرار كەتسە گۇل سېسىپ.

## 95

خورلۇق گويا گۈلگە چۈشكەن قۇرت كەبى ئېۋەن
يەتكۈزۈپ شۇ ئۇز غۇنچەڭگە بەرمەيدۇ ئارام،
ئەمما، قىلدىڭ خورلۇقنى سەن يېقىملىق، لېۋەن!
گۇناھىڭنى گۈزەللىكتە يوشۇردۇڭ تامام!
پىتنىخورلار سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ رىۋايەت،
دەيدۇ سېنى: شاللاق، بىلمەس نومۇسنى پەقەت.
بۇ، قەسىدە-ماختاش، زىنھار ئەمەس شىكايەت،
نامىڭ زىكىر بولسا، قۇتقا ئايلىنار لەنەت.
گۇناھلىرىڭ ئىزدەپ ماكان، دەل سېنى—نادىر
سەنئەت جۇلا قىلغان قەسىر-ئايۋاننى تاپتى.
ئۇندا جىمى نەرسە يارقىن كۆرۈنەر ھازىر،
ئېھ، گۈزەللىك زەر شايىدا ئېۋەننى ياپتى!
سۆيۈملۈكۈم، ئەيلە بۇ زور ھوقۇقتىن ھەزەر،
گاللىشىدۇ كۆپ ئىشلەتسە شەمشەرمۇ ئەگەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 96

ئۇ دېسە: بار ياشلىقىڭ ھەم سۆيگۈڭدە قۇسۇر،
بۇ دەر: بېرەر شۇ ياشلىقىڭ جەزبىدىن دېرەك؛
تالاي ئىنسان ئالدى قۇسۇر، جەزبەڭدىن ھۇزۇر؛
بولدى جەزبەڭ قۇسۇرىڭغا چىرايلىق بېزەك.
خۇددى ئايال خاقان سالغان ئۈزۈكنىڭ كۆزى
ناچار تۇرۇپ ئېرىشكەندەك قەدىر-قىممەتكە،
ۋۇجۇدىڭغا ماكانلاشقان ئىللەتنىڭ ئۆزى
ھۆرمەتلىنەر ئايلىنىپ بىر گۈزەل خىسلەتكە.
كىرىۋالسا بۆرە قوينىڭ سىياقىغا گەر،
چۇشكەي ئۇنىڭ قىلتىقىغا تالاي قوي ھامان!
يېتەر سانسىز ئاشىقىڭنىڭ ئەقلىگە زەرەر،
گۈزەللىكىڭ ئەلگە تولۇق ئەيلەنسە ئايان!
قىلما ئۇنداق، مەجنۇن كەبى كۆيىمەن ساڭا،
ئۆزۈڭ بىلەن شان-شۆھرىتىڭ تەئەللۇق ماڭا.①

---

① بۇ سونېتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى 36-سونېتنىڭ ئاخىر-قى ئىككى مىسراسى بىلەن ئوخشاش.

## 97

بۇ ئالەمدە سەن بىلەنلا ياشايمەن خۇشال!
ئۆمرۈم ئۆتەر جۇتتا، سەندىن ئايرىلسام ئەگەر.
ئاھ، مۇزلىدىم، قىلدى كۆكنى بۇلۇتلار قامال!
دېكابىردەك زېرىكىشلىك، جىمجىت ھەممە يەر!
ئەمما، بىزگە جۇدالىق دەل تومۇزدا يەتكەن؛
مول ھوسۇللۇق كۈز ئىككىلقات تۇل خوتۇن سىياق،
ئەتىيازنىڭ شاللاقلىقى قالدۇرۇپ كەتكەن
ھەممىتى زور نېمەتلەرگە كۆتۈردى قورساق.
ئويلىدىم؛ شۇ جەزبىگە باي مول ھوسۇل—بالا
ئايلانغۇسى دادىسى يوق يېتىمگە بىراق.
ياز بىلەن ياز شادلىقى بەك ئىنتىزار ساڭا،
قۇشمۇ سەنسىز قىلماس ناۋا، چەككۈسى پىراق.
كۆڭلى غەشتۇر قۇش گاھىدا قىلسىمۇ ناۋا،
قىش شەپىسى كەلدى بولغاي، سوۋۇدى ھاۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 98

بىز ئايرىلىپ كەتتۇق كۆلۈپ باققاندا باھار،
ئاپرېل قىزى كىيىپ پۈرۈر ئۈستىباش-كىيىم،
مەۋجۇداتنى قىلسا ئىشق-مۇھەببەتكە يار،
ساتۇرىن[1]مۇ ناخشا ئېيتىپ تاپمايدۇ تىنىم.
گۈللەر ئېچار پۈركىسىمۇ يارقىن رەڭ تۈزۈپ
قۇشلار كۈيى راھەت بەخش ئەتسىمۇ دىلغا،
ياكى گۈللەر تاشلانسىمۇ بەرگىدىن ئۈزۈپ،
ئالمىغايمەن يازغا دائىر قىسسىنى تىلغا.
مەندە ئاپئاق پىيازگۈلگە يوقتۇر ئىشتىياق،
كۈيلىمەيمەن قىزىلگۈلنى خۇشال ئۈن سېلىپ،
ئالغان ئۇلار سەندىن پەقەت رەڭدار تۈس-سىياق،
جىسمىڭ جىمى گۈزەللىككە ئەندىزە — قېلىپ.
سەن بولمىغاچ، قىش تۇيۇلدى بۇ باھار ماڭا،
گۈللەر گويا كۆلەڭگەڭدۇر، ھەمراھ مەن ئاڭا.

---

① ساتۇرىن — غەربىي ياۋرۇپا ئىلمىي نۇجۇمىدا ھەسرەت-نادامەتكە سىمۋول قىلىنغان.

## *99

بىنەپشە گۈل ئېچىلغاندا كايىدىم ئاڭا:
"يار ھىدىگە تەككۈزمىگەن بولساڭ سوغۇق قول،
ئۇماق ئوغرى، خۇش پۇراقنى بەردى كىم ساڭا؟
يۈز-مەڭزىڭنىڭ دىلدارىمنىڭ جىسمىدىكى مول
قاندىن بوياق ئالغانلىقى ئاياندۇر ماڭا."
دات، پىيازگۈل ئوغرىلىدى ئاپئاق قولۇڭنى،
يالپۇزلارنىڭ غۇنچىلىرى تال-تال چېچىڭنى،
ئەتىرگۈلنىڭ ئاقلىرى شۇ دەردىلىك ئويۇڭنى،
قىزىللىرى خىجىللىقتا چۆمگەن چېغىڭنى؛
ئاق يا قىزىل ئەمەسلەرمۇ بولاشتى شۇنى،
خۇش ھىدىڭنى چاچتى ھارام مال—ئولجىغا ھەم.
ئەمما، بۇ پەس ئوغرى پورەك ئاچقاندا، ئۇنى
تۈگەشتۈردى غەزەبلەنگەن قۇرتلار ئەيلەپ يەم.
كۆرگەن گۈلۈم كۆپ، كۆرمىدىم سەندىن خۇش پۇراق،
رەڭ ئوغرىلاپ باقمىغان بىر گۈلنىمۇ بىراق.

* بۇ سونېت 15 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 100

سەن قەيەردە، مېيۇس؟ كۈيگە قاتمىدىڭ نېچۈن
قۇدرىتىڭنىڭ مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كۆپ زامان؟
ئەھمىيەتسىز تېما، قوپال نەزمىلەر ئۈچۈن،
مول ھاياجان، تالانتىڭغا يەتكۈزدۈڭ زىيان؟
قايتۇرۇپ كەل، ئەي ئۇنتۇغاق مېيۇس، بوش-بىكار
ئۆتۈپ كەتكەن پەيتنى، ئەيلەپ يېقىملىق ناۋا.
كۈيلىرىڭنى ئاڭلىسۇن شۇ كۈيخۇمار نىگار،
تېما، تالانت، ئىقتىدارنى بەردى ئۇ ساڭا.
ھورۇن مېيۇس، تۇر، سەنەمنىڭ رۇخسارىغا باق،
ئۇندا يىللار قازدىمۇ - يوق ئېرىقنى تىرەن؛
نەزمە پۈتۈپ قېرىلىقنى ئەيلىسەڭ مازاق،
كىممۇ قىلسۇن شۇ بۇلانغان ۋاقىتقا ئېرەن!
يارنى ئەلگە تونۇت ئۆمرى كەتمەستە خوراپ،
شۇندا ۋاقىت ئورغىقىنى قالارسەن توراپ.

## 101

گۈزەللىككە چۆمسە چىنلىق يۈردۈڭ سەل قاراپ،
هورۇن مىيۇس، ئۆزگەرتمىدىڭ بۇ خۇينى ئەجەب؟
نىگاردىنلا تۇرار چىنلىق، گۈزەللىك تاراپ،
سەنمۇ ئۇنى دەستەك قىلىپ قۇچارسەن شەرەپ.
سەن ئىپتىمال، مۇنداق جاۋاب بېرەرسەن ماڭا:
”هاجەت ئەمەس ئەڭلىك سۈرۈش چىنلىققا پەقەت،
گۈزەللىكمۇ باغلىماس هېچ ئىشتىياق ئاڭا،
گۈزەل نەرسە بېزەكسىزمۇ گۈزەلدۇر ئەبەت.“
كۈيگە ئۇنىڭ زوقى يوق، دەپ سۈرمەمسەن زۇۋان؟
بەس، سۈكۈتكە چۆمگىنىڭنى يۈرمىگىن ئاقلاپ.
ئەۋلادلاردىن ياغسۇن ئاڭا هەمدۇسانا ـ شان،
ئۇنى ئالتۇن قەبرىدىنمۇ قال ئۆزۈن ساقلاپ.
ئىبغىر يۈكتىن قاچما، مىيۇس، بىلدۈرەي ساڭا
ئەبەد ئۆچمەس نۇرنى قانداق بېرىشنى ئاڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 102

كۆرۈنسمۇ سۆيگۈم زەئىپ، تولغان مادارغا،
خوراپ كەتتى دېمە دائىم قىلمىسام بايان.
كىمكى ماختاپ ئەقىدىنى سالسا بازارغا،
مال-تاۋارغا ئوخشار سۆيگۈ قىممىتى هامان.
خۇددى بۇلبۇل باش يازدىلا سايرىسا باغدا،
تومۇز پەيتى قالغىنىدەك سۇكۇتكە چۆكۈپ،
باهاردىلا—بىز تۇنجى رەت سۆيۈشكەن چاغدا،
ناخشام بىلەن ئىشقىمىزنى ئالارمەن كۆتۈپ.
ئۇ، ئازابلىق ئەللەي كۈيى ئېيتقان ئەڭ ئۇزاق
تۈنلەردىكى خۇشال چاغدىن قىلىشماس بۇ ياز،
پەقەت قاپلاپ يارچە شاخنى تەلۋە كۈي-قوشاق،
ئېسىل نەغمە ئاددىيلىشىپ، تۈيۈلمايدۇ ساز.
دائىم غەزەل ئېيتىپ سېنى قىلماي دەپ بىزار،
گاهى يۇردۇم شۇ بۇلبۇلدەك ناۋاسىز-بىكار.

## 103

مىيۇسىمنىڭ يېرى شۇنچە تورۇپ مۇنبەت، كەڭ،
شادلانغۇدەك مول ھوسۇلنى قىلمىدى تارتۇق.
تېمىسىنىڭ جىسمىدىكى تۇغما زىننەت - رەڭ
مېنىڭ پەرداز-قەسىدەمدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق.
كەتمە كايىپ مەن ناۋادا يازمىسام ئەسەر،
كېلىپ ئەينەك ئالدىغا سەن چېھرىڭگە زەن سال،
ئۇ، مەززىسىز ئىجادىمدىن غالىپ شۇقەدەر،
ئەيلەر جىمى مىسرالىرىم، تالانتىمنى لال.
جىنايەتكە تەڭ ئەمەسمۇ، يەتكۈزسە زىيان
ئەسلىدىنلا ساز تېمىغا بەردىم، دەپ بېزەك؟
نەزمەمدە يوق زىنھار بىرەر مۇددىئا-نىشان،
تۇغما گۈزەل ھالىتىڭنى سۆزلەشتىن بۆلەك.
ئېيتىپ بىرەر ئەينەكتىكى قامىتىڭ ساڭا:
يېتەلمەيدۇ نەزمەمدىكى تەسۋىرىڭ ئاڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 104

ئوماق دوستۇم، نەزىرىمدە كەتمەيسەن قېرىپ،
تۇنجى كۆرگەن چاغدا ئىدىڭ شۇنداق گۈزەل— ساز،
شۇندىن كېيىن جەزبىكە باي ئۈچ يازنى ئېلىپ
كەتتى يېشىل ئورمانلاردىن جۇدۇنلۇق ئاياز.
ئايلاندى شۇ خەس-غازاڭلىق كۈزگە ئۈچ باھار،
ئۆتتى ئايلار بىربىرىنى قوغلىشىپ ئۇدا؛
كۆيدى ئىيۇن يالقۇنىدا، ئۈچ قېتىم ئىپار
چېچىپ ئاپرېل، سەن ھېلىمۇ گۈل چىراي، زىبا.
ئاھ، شەپىسىز غايىب بولۇر گۈزەللىك بىراق،
خۇددى سائەت يىڭنىسىدەك چىقارماي سادا.
ساقلىنار دەپ ئويلىسامۇ سېھرىڭنى ئۇزاق،
كۆز ئالدىمدىن ئاستاغىنە يۇتمەكتە مانا.
ئەي ئەۋلاد، سەن يەتمەي تۇرۇپ ھايات ۋەسلىگە،
گۈزەللىكنىڭ يازى كىرگەي خازان پەسلىگە.

# 105

بارچە ناخشا-قەسىدەمنى بىرلا ئادەمگە
ئاتىسامىمۇ ئەيلەپ ئىشق-سۆيگۈمنى ئىزھار،
تېۋىندى دەپ قالما مېنى مەبۇت-سەنەمگە،
يارىمنىمۇ كۆرمە مەبۇت ئورنىدا زىنھار.
نىگارىمدا گۈزەل خىسلەت، چىن ئەقىدە بار،
ئۇ، ئەتىمۇ بۈگۈنكىدەك مېھرىبان ھامان،
شۇڭا ھەربىر نەزمەم ۋاپا-ساداقەتكە يار،
بىرلا تېما—مۇھەببەتنى ئەيلىگەي بايان.
ماڭا ئۆلمەس تېما چىنلىق، گۈزەللىك، ھىممەت،
ئۆزگىرەر بۇ ئۈچى تۈرلۈك نەزمىگە ھەردەم،
ئىجادىم شۇ ئۆزگىرىشتىن يارىتار قىممەت،
تۇغار كۆركەم قىياپەتنى بولۇپ ئۇلار جەم.
بۇرۇن تەنھا بولسا چىنلىق، گۈزەللىك، ھىممەت،
تەڭ ماسلىشىپ، بەردى بۈگۈن بىر تەنگە زىننەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 106

مەن قەدىمكى يىلنامىدىن كۆردۈم ئەڭ گۈزەل
ئادەملەرگە دائىر ئەينەن تەسۋىر-بايانىنى،
يارقىنلىقتا چۆمۈپ كۈيلەر قەدىم كۈي-غەزەل
ئىشقى فونتان چەۋەنداز ھەم زىبا جانانىنى.
بولدى ماڭا يىلنامىدىن تەپسىلىي ئايان
گۈزەللەرنىڭ ئېغىز-بۇرۇن، پۇت-قول، قاش-كۆزى،
ئەيلىنىپتۇ ئۆتمۈشتىكى قەلەمدە بايان
ھازىرقى ئۆز سىياقىڭنىڭ دەل ئەينى-ئۆزى.
قەدىمكى شۇ شائىر يازغان قەسىدە-قوشاق
دەۋرىمىزدىن، سەندىن بەرگەن بېشارەت—خەۋەر.
تايانغاچقا ئۇ خىيالىي قىياسقا بىراق،
يازالمىدى قىممىتىڭگە مۇناسىپ ئەسەر.
بىز بۈگۈنگە سالدۇق نەزەر شادلىنىپ پەۋەس،
تىل سۈكۈتكە چۆمدى، كۆزدە بولسىمۇ ھەۋەس.

## 107

ئاخىر خاراب بولسىمۇ چىن سۆيگۈ-ئەقىدەم،
كەلگۈسىنى ئارزۇلىغان بۇ كەڭ—بىپايان
دۇنيادىكى سەزگۈر قەلب ياكى ۋەھىمەم
چەكلىيەلمەس ئۇنىڭ قەرەل—ۋاقتىنى ھامان.
ئالەمدىكى ئاي بىر قېتىم تۇتۇلدى پۈتۈن،
ئۆز سۆزىنى ئەيلەر مازاق مىسكىن پالچىلار.
تۇراقسىزلىق يەتتى ئىشەنچ ۋەسلىگە بۈگۈن،
تىنچلىق دەر: زەيتۇن ئەبەد سولماي شاخلىنار.
سۆيگۈم ئېلىپ گۈلگۈن پەسىل تامچىسىدىن نەپ،
نۇرلانماقتا، ئەزرائىلمۇ ئۇرغاي ماڭا باش.
ئۇ، خورلىسا تىلسىزلارنى، كەتمەي ئەنسىرەپ،
ساقلىنارمەن قوپال كۈيدە مەڭگۈ تېمەن، ياش.
تىكلەر سېنىڭ ئابىدەڭنى بۇ ئەشئار—قوشاق،
زالىم شاھنىڭ مىس قەبرىسى تۇزلەنگەي بىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 108

كۆڭلۈمدىكى راست سۆزۈمنى دەپ بولسام ساڭا
قالدى نېمە يېزىق بىلەن قىلغۇدەك ئايان؟
سۆيگۈم، ئېسىل خىسلىتىڭنى يازغان بەت ئارا
بارمۇ يەنە قوشقۇدەك بىر خاتىرە، بايان؟
يوق، پاقلىنىم، ئەمما كۈندە قىلغاندەك دۇئا،
ئوخشاشلا بىر سۆزنى تەكرار ئېيتمىقىم كېرەك،
ئەينى چاغدا تېۋىنغاندەك نامىڭغا گويا،
"سەن ماڭا خاس، مەن ساڭا" دەپ ئۆتەرمەن، دېمەك.
سۆيگۈم ئېلىپ سۆيۈلگەن دىل—قۇتىدىن ئورۇن،
قورۇقلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماي ياشار،
ئەگمەي ۋاقىت زەربىسىگە تائەبەد بويۇن،
ئەكسىچە، شۇ زەئىپلىكنى ئەيلىگەي چاكار.
ۋاقىت، چىراي بول، دېسمۇ سۆيگۈنى خازان،
سۇنماس تۇنجى مۇھەببەتنىڭ نوتىسى ھامان.

## 109

ھىجران زەئىپ كۆرسەتسىمۇ سۆيگۈمنى ساڭا،
ئايىندى، دەپ، يۈرمە مەڭگۈ ئاغرىنىپ مەندىن.
مەيدەڭ ئارا سوققان يۈرەك مېنىڭدۇر، شۇڭا
ئايرىلىشنى خالىمايمەن بىر ئۆمۈر سەندىن.
سەن—سۆيگۈمنىڭ ئۆيىدۇرسەن، يۈرت كېزىپ تالاي،
كەلدىم بۇگۈن خۇددى سەرسان سەيياھدەك يېنىپ.
چىن ئەقىدەم ئۆزگىلەرگە بولمىدى مالاي،
پاكلىناي، دەپ، كەلدىم يەنە سۈنىمۇ ئېلىپ.
بولمىسامۇ ئىنسانغا خاس نۇقساندىن يىراق،
ئۆمۈرۋايەت تەككۈزمەيمەن ۋىجدانىمغا چەل،
باغلىمايمەن يوق نەرسىگە زىنھار ئىشتىياق،
دائىم ساڭا ئىنتىلەرمەن قويىۋەتمەي بەل.
ھېچ گەپ ئەمەس مەن ئۈچۈن بۇ بىپايان ئالەم
سەنلا مېنىڭ بارلىقىمسەن، چوغ سۈپەت لالەم!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 110

يۈرگەنلىكىم راستتۇر مېنىڭ لاغايلاپ ھەريان،
كېيىشلىپ زەرباپ كىيىم، كۆرسىتىپ ئويۇن،
زەرنى ئەرزان سېتىپ، سالدىم ئارمانغا زىيان،
كونا سۆيگۈم يېڭىسىغا بوشاتتى ئورۇن.
مۇھەببەتكە ھەقىقەتەن قىلمىدىم ئېرەن،
ئەمما، بۇنداق بەڭۋاشلىقىم قەلبىمگە بۇگۇن
نەۋ باھارنى يېڭىۋاشتىن سىڭدۇرۇپ تىرەن،
ئىسپاتلىنىپ سۆيگۈڭ، مەندە قالمىدى تۇگۇن.
قەدىناسىم، سالمىغايمەن كۆڭلۈڭگە ئازاب،
سىنايمەن دەپ بولۇپ، يەنە يېڭى يارغا قۇل،
قويدۇڭ مېنى سەن—مۇھەببەت ئىلاھى قاماپ،
كەتتى ئۆتۈپ ھەممە ئىش، قىل سۆيگۈمنى قوبۇل.
چىرايىڭنى ئېچىپ، گۈزەل جەننىتىم، قېنى،
پاك، يېقىملىق باغرىڭغا چىڭ باسساڭچۇ مېنى!

## 111

ئاھ، مەن ئۇچۇن ئېيت ئىلاھى قىسمەتكە لەنەت،
ئۇ، ئىللىتىم-گۇناھىمغا بولدى يار-يۆلەك،
تۇرمۇشۇمغا يېڭى مەزمۇن بەرمىدى پەقەت،
سەھنىلەردە ئويۇن قويۇپ ئۆتۈشتىن بۆلەك.
رەسسامىلارنىڭ قوللىرىغا يۇققاندەك بوياق،
كەتتى كەسپىم سەۋەبىدىن خىسلىتىمگە چاپ،
شۇڭا نامىم بولالمىدى تامغا[1]دىن يىراق،
ئىچ ئاغرىتىپ تىلە مېنىڭ بولۇشۇمنى پاك.
ئىتائەتمەن بىمار كەبى ئىچەي ئاچچىقسۇ[2]،
تاپسۇن ماڭا يۇققان ئېغىر كېسەللىك شىپا،
قانچە ئاچچىق بولسا، ئاچچىق تۇيۇلمايدۇ ئۇ،
ئۇچرىسامۇ قوش جازاغا قىلمايمەن نىدا.
دوستۇم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قويساڭلا ئەگەر،
ۋۇجۇدۇمدا كېسەللىكتىن قالمايدۇ ئەسەر.

① تامغا—ھاقارەت، تىل-ئاھانەتنى كۆرسىتىدۇ.
② ئەينى زاماندا ئاچچىقسۇ يۇقۇملۇق كېسەللىككە داۋا بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**112**

ئىچ ئاغرىتىپ سۆيسەڭ مېنى، ئۆچكىسى شۇ ئان
تۆھمەت مېنىڭ پېشانەمگە باسقان ئەن—مۆھۈر.
ئىللىتىمنى يېپىپ، بەرسەڭ خىسلىتىمگە شان،
ئۆتەي ئۆسەك سۆزگە پەرۋا قىلماي بىر ئۆمۈر.
سەن—پايانسىز كائىناتىم، خۇشتارمەن ئەبەت
ھاقارىتىڭ، ماختىشىڭنى ئاڭلاشقا ھەردەم.
خەق مەن ئۈچۈن، مەن خەق ئۈچۈن ئۆلۈك تەن—جەسەت،
ھېس-تۇيغۇمنى ئۆزگەرتمەستىن تۇرارمەن بەردەم.
ئۆزگىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تەڭداشسىز تىرەن
ھاڭغا تاشلاپ، خۇددى ساغرۇ يىلاندەك ھامان،
ماختاشسىمۇ، تىللاشسىمۇ قىلماسمەن ئېرەن.
ئاڭلا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتەي مەن بايان:
قەلبىم ئارا قۇردۇڭ مەڭگۇ يوقالماس خانلىق،
نەزىرىمدە سەندىن بۆلەك يوق بىرمۇ جانلىق.

## 113

دىلخانەمگە كۆچتى كۆزۈم سەندىن ئايرىلىپ،
شۇندا ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئەيلىنىپ خاراب،
يېرىم ئەما-قارىغۇغا قالدى ئايلىنىپ،
كۆرەلمەيدۇ ھېچنەرسىنى تۇرسىمۇ قاراپ؛
بەرمەس گۈل، قۇش ئوبرازىنى كۆز دىلغا سۇنۇپ،
ئاڭا نېسىپ بولمىغاچقا ئۇلارنى كۆرۈش؛
كۆزمۇ كۆرگەن نەرسىسىنى قالالماس تۇتۇپ،
دىل چىرايلىق مەنزىرىدىن ئالالماس ئۈلۈش؛
كۆرسە كۆزۈم غەيرىي مەخلۇق، نۇرانە يۈزنى،
سەت-كۆرۈمسىز ياكى كۆركەم، ئېسىل ھالەتنى،
قاغا، كەپتەر، تاغ، دېڭىز يا كېچە-كۈندۈزنى،
ئۇندىن ياساپ چىقار سەندەك گۈزەل قامەتنى.
قىلمۇ سىغماس، تولۇپ كەتكەچ سەن دىل ئۆيۈمگە،
يالغانچى دەپ ئاتاق بەرگەي قەلبىم كۆزۈمگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 114

ئىچتىمۇ بۇ قەلبىم سېنى تاجىم دەپ تونۇپ،
شاھلارغا خاس ھاكاۋۇرلۇق— ئۆتكۈر زەھەرنى؟
دېمۇ: كۆزۈم چىقارمىغان يالغاننى توقۇپ؟
ئۇ سۆيگۈڭدىن ئۆگەنگەچكە ئايرىشنى زەرنى،
ئۆزگەرتتىمۇ ئالۋاستىنى سەندەك ئۇز سەنەم،
نازاكەتلىك ھۆر-پەرىزات، قەددى زىباغا؟
رەزىللىكنى ئايلاندۇرۇپ گۈزەللىككە ھەم،
چۈمدۈردىمۇ شەيئىنى ئۇ[1]چاچقان زىياغا؟
ئىھ، كۆزلىرىم مەپتۇنلۇقتا تاشلانسا ساڭا،
شۇ زەھەرنى ئىچكەن بۈيۈك قەلبىم قوت بىلىپ:
كۆزۈم بىلگەچ قەلبىم ئامراق نەرسىنى، ئاڭا
بۇ بىر قەدەھ ئىچىملىكنى سۇنغان تەق قىلىپ.
جامدا زەھەر بولسا، ئۇندا گۇناھ زور ئەمەس،
چۈنكى، كۆزۈم باشتا ئاڭا قىلغان بەك ھەۋەس.

---

① بۇ مىسرادىكى ”ئۇ“ 7-مىسرادىكى ”گۈزەللىك“نى كۆرسىتىدۇ.

## 115

بۇرۇن يازغان نەزمىلىرىم، ھەتتا ”مەن ساڭا
مەجنۇن كەبى كۆيدۇم“ دېگەن سۆزلەرمۇ يالغان؛
ئۇ چاغ، ئىشق ئۇچقۇنۇمنىڭ كېيىن زور لاۋا
بولۇشىنى ئويلاشقا مەن ئامالسىز قالغان.
ئەنسىرەيتتىم، ۋاقىت تۇغقان ھېسابسىز خەتەر
ۋەدىلەرنى بۇزۇپ ئەيلەر يارلىقنى بىكار،
گۈزەل رۇخسار، ئىنتىلىشكە يەتكۈزۈپ زەرەر،
دىلنى يۇكسەك ئىرادىدىن قىلار، دەپ، بىزار.
كۆڭلۈم ئەمىن تاپسا، ئەزىز تۇيۇلۇپ بۇگۈن،
ھەم ئەتىگە باغلىمىغان تۇرسام زوق-ھەۋەس،
ئاھ، غەم قىلىپ ئۆكتەم، قەبىھ ۋاقىتتىن نېچۈن
دېمەي: ”ئىشقىڭ دەرياسىغا چۆمۇلدۇم پەۋەس“؟
سۆيگۈ تېخى بوۋاق؛ ئېيتماي بۇ سۆزنى ھازىر،
ئۇ، چوڭ بولۇپ، قىلسۇن قىران ۋاقتىنى زاھىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 116

توسماق قىيىن قوشۇلماقچى بولسا قوش يۈرەك،
سەن ئۆزگىرىپ كەتسەڭ ئۇنتۇپ ۋاپانى تامام،
مەنمۇ ئاينىپ، دېسەم: مەيلى، پەرۋايىم پەلەك،
بۇنى ئەسلا چىن سۆيگۈ، دەپ ئاتىماس ئاۋام.
ئېھ، مۇھەببەت— مەڭگۈ ئۆچمەس ماياكنىڭ نۇرى،
تەۋرىمەيدۇ سوقسىمۇ جۇت، شىددەتلىك بوران،
ئازغان كېمە يول تاپىدۇ كۆرگەندە ئۇنى،
ئۇنىڭ چەكسىز قىممىتىدە يوقتۇر ھېچ گۇمان.
تەكۇزسىمۇ ۋاقىت نۇرلۇق يۇزلەرگە پىچاق،
ئەمما، ئوتلۇق مۇھەببەتكە ئاتالمايدۇ تاش،
سۆيگۈ گۈلدەك توزۇماستىن كۆكلەيدۇ ئۇزاق،
ئەگمەس قەبىھ ئەزرائىلنىڭ ئالدىدىمۇ باش.
خاتالىقى ئىسپاتلانسا بۇ سۆزنىڭ ئەگەر،
يوققا ھېساب بولسۇن سۆيگۈ، مەن يازغان ئەسەر.

## 117

سەن سۆك مېنى، قىلسام ئاشا شەپقەت—شاپائەت،
رەھمىتىڭنى بىلدۈرمىدى ئەسلا ماشا، دەپ؛
باغلىسامۇ دائىم ساشا چەكسىز ساداقەت،
چىن سۆيگۈمگە ياغدۇرمىدى ھەمدۇسانا، دەپ؛
يات-ناتونۇش كۆشۈللەرگە ئەيلىنىپ قامال،
زەردىن ئىپسىل دوستلۇقۇمنى تەرك ئەتتى، دەپ؛
قانداق شامال سوقسا يەلكەن چىقىرىپ خۇشال،
يىراق ئوكيان-دېڭىز تامان يۈرۈپ كەتتى، دەپ.
بەشۋاشلىقىم، گۇناھىمنى دەپتىرىڭگە ياز،
قىلما ئادىل دەلىلدىن ھەم گۇماننى يىراق،
باققىن ماشا ئايان ئەيلەپ چېھرىڭدە ئاياز،
نەپرىتىڭنىڭ ئوقلىرىنى ئاتمىغىن بىراق.
چۈنكى، دېدىم ئەرزنامەدە: ماشا بولغان ساپ
ئەقىدەڭنى ئىسپاتلاشقا كەتتىم ئالدىراپ.

## 118

قوزغاتقاندەك ئاچچىق-چۈچۈك نەرسە بىرلە تەم
تۈيغۇمىزنى، ياخشىلايمىز ئىشتىھانى دەپ،
ساقلىنىشنى ئويلاپ تۈرلۈك كېسەللىكتىن ھەم،
ئاغرىپ قالغان كەبى سۈرگە دورىسىنى يەپ؛
ئاچچىق دورا-دەرمانلارنى ئەيلەپ ئاش-تائام،
بىزار قىلماس شەربىتىڭگە تويۇندۇم سېنىڭ؛
ساغلاملىقتىن بەزدىم، ئاغرىق بېرەر دەپ ئارام،
ھازىر ئاڭا چۈشمىسىمۇ ھاجىتىم مېنىڭ.
قوزغالمىغان كېسەللىكتىن بولغاچقا پەخەس،
چىقتى سۆيگۈ ئامالىمدىن شەكسىز خاتالىق:
ساغلام تەنگە دورا-مەلھەم ئىچكۈزۈپ پەۋەس،
ئىزدىدىمەن دەردتىن چەكسىز قۇتقا شىپالىق.
ئەمما، بۇ ئىش قىلدى مېنى چىن ساۋاققا يار:
زەھەرلەيدۇ دورا، سەندىن بولسا كىم بىزار.

## 119

ئىچتىم سېرېن① كۆز يېشىنى بولۇپ پايپېتەك،
ئۇ، دوزاختەك قاسقان ئارا ھوردالغان زەھەر،
تىلەكلەرنى دىشۋار قىلىپ، دىشۋارنى تىلەك،
شان-ئۇتۇققا ئىنتىلىپ ھېچ قۇچمىدىم زەپەر.
يۈرگىنىدە قەلبىم قۇتقا چۆمدۈم، دەپ، ئۆزۈم،
نۇرغۇن قېتىم خاتا يولغا تاشلىدى قەدەم؛
چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكەن جۇپ كۆزۈم،
چەككىنىمدە غالجىر كېزىك دەردىدىن ئەلەم!
زىيان نەپنى تۇغدى! بىلدىم: رەزىللىك ھامان
كۆرسىتىدۇ گۈزەللىكنى تەڭداشسىز ئەزىز؛
خارابلاشقان سۆيگۈ قايتا ئەيلەنسە ئايان،
تۈيۈلغاي ئۇ بەكمۇ ھەيۋەت، جەزىبدار، لەزىز.
ئەيىبلەندىم، ئەمما شۇنچە سېزىمەن راھەت؛
مەغلۇبىيەت بەردى ماڭا ئۈچ ھەسسە ئامەت.

① سېرېن—يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى يېرىمى ئادەم، يېرىمى قۇش سىياقىدىكى جادۇگەر ئايال.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 120

ئۆتمۈشتىكى زالىملىقىڭ· نەپ بەردى بۈگۈن:
بولمىغاچقا نىرىۋىلىرىم پولات يا تۆمۈر،
شۇ چاغ سالغان ھەسرىتىڭنى ئەسلىمەك ئۈچۈن،
گۇناھىمنى تەن ئالمىقىم لازىم بىر ئۆمۈر.
ياۋۇزلۇقۇم زەربىسىگە ئۇچراپ سەن ئەگەر،
خۇددى مەندەك ئۆتكەن بولساڭ چېكىپ دەرد-پىراق،
جىنايىتىڭ ماڭا قانداق يەتكۈزدى زەرەر،
دەپ ئويلاشقا زىنھار چولام تەگمىگەي بىراق.
ئىككىمىزنىڭ شۇ ئازابلىق ئاخشىمى ئېغىر
نادامەتنىڭ زەربىسىنى ئەسلەتسە ماڭا،
مەنمۇ سەندەك بىرەي دەرھال سەكپارە-يېغىر
دىلغا شىپا بولمىش ئاددىي دورىنى ساڭا.
بولدى پاكلاش خىراجىتى گۇناھىڭ بۈگۈن،
مەن سېنى، سەن مېنى پاكلاپ قويمايلى تۈگۈن.

## 121

ئۆۋاللىقتا خارابلاشتى قانۇنلۇق ھۆزۈر،
خەقنىڭ يۈزە ھېس-تۇيغۇسى ئەيلىنىپ دەلىل،
چىقىرىلدى پاك-گۇناھسىز ئادەمدىن قۇسۇر،
بۇ تۆھمەتتىن ئەلا، بولۇش شۇبھىسىز رەزىل.
نېچۈن خەقنىڭ پەسكەش كۆزى ئىنتىلەر خۇشال
مەۋج ئۇرغان قانلىرىمغا بەرمەككە سالام؟
قورقۇنچاقلار ئىللىتىمنى پايلاپ، مەن ھالال
بىلگەن جىمى نەرسىنى دەر پۈتۈنلەي ھارام؟
ئۆزگەرمىدىم؛ ئۇلار ماڭا قىلسا ھاقارەت،
ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاسلىقى بولۇر ئەلگە پاش؛
مەن—ساب نىيەت، يات ئۇلارغا مەڭگۈ ئادالەت؛
كۆڭلىدە يوق مەن توغرۇلۇق ھەققانىي قاراش.
ئۇلار مۇنداق قەبىھ ئويدا چىڭ تۇرار ھامان:
ئادەم رەزىل، رەزىللىككە ئورالغان جاھان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 122

سەن ھەدىيە قىلغان كىتاب ساقلىنار ھامان
ئەسلىمەمنىڭ بەتلىرىگە ئورنىشىپ-كۆچۈپ،
ئۆتسىمۇ نى قىسمەت سىلىپ تالاي يىل-زامان،
ئۇنىڭ بىرەر قۇر-سۆزىمۇ قالمىغاي ئۆچۈپ.
ھېچ بولمىسا، كالىلام بىلەن قەلبىمدىن خۇدا
تارتىپ كېتىپ ھاياتلىقنىڭ ۋەسلىنى تامام،
ئۇلار پۈتكۈل قۇدرىتىدىن بولغۇچە جۇدا،
سېنى ئەسلەپ ئېيتقان غەزەل ئەيلىنەر داۋام.
يوق بۇ كىتاب—ساقلىغۇچتا ئۈنچىلىك ماجال،
مەنمۇ تاشقا چىن سۆيگۈڭنى يورمەسمەن يېزىپ،
شۇڭا، ئۇنى قولدىن تەرك ئەيلەپ بىمالال،
سېنى قەلبىم—ئەسلىمەمگە قويدۇممەن سىلىپ.
ئەسلەش ئۈچۈن پۈتۈپ قويسام دەپتەرگە سېنى،
خەلقى ئالەم ئۇنتۇغاق، دەپ ئويلايدۇ مېنى.

## 123

ياق! ئەي ۋاقىت ئۆزگەردى، دەپ ئويلىما مېنى.
قانچە كاتتا ئېھرام ياساپ قوچساڭمۇ ئۇتۇق،
تۇيۇلمايدۇ زىنھار ماڭا ئۆزگىچە، يېڭى؛
بۇ، يېپىشتۇر كونا تاشقا يېپيېڭى يوپۇق.
ئۆمرىمىز بەك قىسقا، شۇڭا شادلاندۇق قەۋەت،
ئېلىپ كەلسەڭ ئۆتمۇشتىكى ماتانى داڭلاپ،
دەيمىز ئۇنى: بىزگە تارتۇق قىلىنغان پەقەت،
باقىمىغاندەك بارلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ.
ھەيرانلىقتا سالماس مېنى ئۆتمۇش يا بۇگۇن،
خاتىرەڭگە ھەم ئۆزۇڭگە قىلمايمەن ھەۋەس؛
سەن ئالدىراپ يېزىپ چىققان، مەن كۆرگەن پۇتۇن
نەرسە شەكسىز ساختىلىقتا ئورالغان پەۋەس.
مۇنداق قەسەم ئىچتىم: ئېتىپ ۋىجداننى باغاش،
ئەگمىگەيمەن ھەيۋەڭ بىلەن ئورغىقىڭغا باش.

## 124

بولسا سۆيگۈم كاتتا زاتنىڭ پۇشتى، قىسمەتنىڭ
نىكاھسىزلا تاپقان ئوغلى بولۇپ قالغۇسى،
ئۇچرار مېھىر، نەپرەتكە ۋاقىت-پۇرسەتنىڭ،
ئادەم ئۇنى ئوت يا گۈلدەك يۇلۇپ ئالغۇسى.
سۆيگۈم تۇرار ئۆزگىرىشچان مىجەزدىن يىراق،
تەۋرىمەيدۇ خۇش تەبەسسۇم—كۈلكىنى كۆرۈپ،
دەۋرىمىزگە خاس كەيپىيات—ئىغىر دەرد-پىراق
باسسا پەرۋا قىلماي ئاڭا كەتكۈسى كۆنۈپ.
ئۇ، تېز پۈكمەس ئۆمرى قىسقا ساختا كۆز قاراش،
بىدئەتچىنىڭ ھېكمەتلىرى—نەيرەڭ-مىكىرگە؛
ياتتۇر ئاڭا سۇدا ئۆلۈپ، ئاپتاپتا ياشاش،
تەنھا تۇرار چۆكۈپ مەغرۇر چوڭقۇر پىكىرگە.
ئەي ۋاقىتقا ئالدانغۇچى، بول ئىسپات-گۇۋاھ،
ئۆلسەڭ تۆگەر ھاياتىڭدا ئۆتكۈزگەن گۇناھ.

## 125

نه پايدىسى، شۆھرىتىڭنى ئۇچۇرۇپ-ماختاپ
قوغدىسامموُ، كۆنلۈكۈڭنى كۆتۈرۈپ ئىگىز؟
ياكى ئاساس سالسام ئۇنى قىلىشقا ساقلاپ،
بىردەمدىلا كۆزدىن يوُتۇپ قالدۇرمىسا ئىز؟
گاھى خەقلەر قىزىققاچقا تاشقى سىياققا،
بارلىقىدىن قالدى مەھرۇم بەرسىمۇ بەدەل؛
باراڭ ئىزدەپ، قىلچە ئىرەن قىلماي قاپاققا
قاراپ تۇرغان پايدىكەشنى يۇتماقتا ئەجەل.
ساداقىتىم تۇتسۇن ئەبەد قەلبىڭدىن ماكان،
قىل ئاز، لېكىن چىن-سەمىمىي سوۋغاڭنى قوبۇل،
ئۇ، شۇنچە ساپ، خالىي مىكىر-نەيرەڭدىن ھامان،
رىشتىمىزنى بىربىرىگە چاتار ھەم ئۇدۇل.
يوقال كۆزدىن، ئەي سىتىلغان پىتنىخور، سىنىڭ
تۆھمىتىڭ دەز يەتكۈزەلمەس قەلبىمگە مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## *126

بۇيرۇقۇڭغا بەيئەت قىلار، ئەي ئۇماق ئەركەم،
بۇ تۇراقسىز ۋاقىتنىڭ تىغ-ئورغىقى ھەردەم.
سەن زەئىپلىك ئىچرە كۆكلەپ، يارىڭنىڭ خازان
بولۇۋاتقان ھالىتىنى ئەيلەرسەن ئايان.
بارچە ئىشنى باشقۇرغۇچى تەبىئەت-خاقان
ئالغا باسساڭ ياندۇرار ئۆز ئورنىڭغا ھامان.
ئوي-مەقسىتى: پەم ئىشلىتىپ، يىللارنى ئىزا
تارتقۇزۇش ھەم مىنۇتلارنى تاپقۇزۇش قازا.
ئۇ ساڭا بەك ئامراق، ھەزەر قىل ئۇندىن بىراق،
ئەتىۋارلاپ ساقلىيالماس جىسمىڭنى ئۇزاق.
سۇرۇلسىمۇ مۇددەت-قەرەل ھېساب بېرىش پەرز،
ئۇ، ۋاز كېچەر سەندىن چوقۇم تۆلەش ئۈچۈن قەرز.

* بۇ سونېت پەقەت 12 مىسرا بولۇپ، بېيىت (مەسنەۋى) شەكلىدە يېزىلغان. تەرجىمىدە شۇ ئالاھىدىلىك ساقلاپ قېلىندى.

## 127

پەقەت كۆركەم سانالمايتتى ئۆتمۇشتە قارا،
سانالسىمۇ، ئەل ئاغزىدا تاپمايتتى شۆھرەت.
ئۇ، ئۇزلۇقنىڭ ۋارىسىغا ئايلاندى مانا،
شۇ ۋەجىدىن گۈزەللىككە چاپلاندى تۆھمەت.
ھەربىر كىشى سىيتىپ تەڭرى نامىنى ئۇدا،
ئەڭلىك سۇرۇپ سەتكە زىننەت بەرگەندىن بېرى،
بولدى تەختى، شۆھرىتىدىن گۈزەللىك جۇدا،
تىل ئىشىتتى، پەسكەشلىكتىن تۇرسىمۇ نېرى.
دىلدارىمنىڭ چېچى شۇڭا قۇندۇزدەك قارا،
نۇرلۇق تۇندەك كۆزى گويا يىغلاپ ئۇشبۇدەم:
كۆرۈمسىزلەر پەرداز بىلەن ئۇزلىشىپ راسا،
قىلدى يالغان شانىدا، دەپ، تەڭرىگە ئەلەم.
ئۇ يىغلىسا، دەرد-ئازاب[1]قا ماسلىشار كۆزى،
دەيدۇ ئاۋام: چىن گۈزەللىك دەل بۇنىڭ ئۆزى.

① بۇ يەردىكى ”دەرد-ئازاب“ كۆزدىكى قارا ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 128

ئەي كۆيۈم، سەن سانسىز قېتىم چالغىنىڭدا ساز،
بارمىقىڭدا تەۋرەپ يېنىك شۇ بەختىيار تار،
چىقارغاندا شۇنچە مۇڭلۇق، گۈزەل كۈي-ئاۋاز،
بولغان مېنىڭ قەلبىم لەززىز ھېس-تۇيغۇغا يار.
بارمىقىڭنى سۆيسە تارلار شادلىنىپ قەۋەت،
ۋۇجۇدۇمدا دولقۇنلايدۇ كۈندەشلىك — پىراق،
بۇ ئىمتىياز لەۋلىرىمگە خاس ئىدى پەقەت،
خىجىللىقتا تارغا قاراپ تۇرارمەن بىراق!
جانسىز تاردا ئويناپ نازۇك بارمىقىڭ، ئاڭا
بەخش ئەيلەر ئالەمشۇمۇل ئامەت، ئاراملىق،
تار بولماقنى تەڭرى نېسىپ قىلسىچۇ ماڭا،
دېگەن ئارمان لەۋلىرىمگە ھەمراھ داۋاملىق.
چۈمگەندىكىن خۇشاللىققا شاللاق، قارام تار،
بارمىقىڭنى تارغا، ماڭا قىل لېۋىڭنى يار.

## 129

شەھۋانىيلىق قىلمىشلىرى ئەتكەندە داۋام،
ئارسىزلىقنىڭ چۆللىرىدە خورار كۆچ-مادار؛
ئۇندىن بۇرۇن، شەھۋانىيلىق بولۇر پەس، قارام،
ساختا ۋەدە، نەيرەڭ، گۇناھ، زالىم، قان خومار.
لەززەتلىنىپ شۇئان يەنە قالار دىل سوۋۇپ؛
تەلۋىلەرچە ئىزدەر؛ ھۇزۇر ئاچقاندا قۇچاق،
ساقنى ساراڭ ئەيلەيدىغان يەمچۇكنى يۇتۇپ
قويغان كەبى سەسكىنەر ھەم ئۆتمەيلا ئۇزاق؛
قىلماس شۇكۇر دائىم ھۇزۇر سۇرسىمۇ پەقەت؛
غالجىرلىشار ئىنتىلسىمۇ، قۇچسىمۇ ۋىسال؛
ئىش باشلىغان دەملەر—بىھىش، پۈتكەن پەيت—لەھەت؛
ئىشتىن بۇرۇن شادلىق، كېيىن بولۇر چۈش—خىيال.
ئىنسان بۇنى بىلەر؛ ئۇقماس قېچىشنى بىراق
بۇ—دوزاخقا باشلايدىغان جەننەتتىن يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 130

دىلبىرىمنىڭ كۆزى كۈنگە ئوخشىماس ھامان،
مارجان[1] ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن قىزىلدۇر قەۋەت،
چاچ ئەگەر سىم بولسا، بېشى — سىنىم ئۆسكەن ماكان،
قارنى ئاق دەپ بىلسەڭ، كۆكسى بېغىررەڭ پەقەت.
كۆرگەن قىزغۇچ تاۋار يەڭلىغ گۈللەرنى كۆزۈم،
جىلۋە قىلماس يار مەڭزىدە بۇنداق تۈس-سىياق؛
سۈرگەن تالاي خۇش پۇراقنىڭ پەيزىنى ئۆزۈم،
يوقتۇر ئۇنىڭ تىنىقىدا ئۇنداق ھىد بىراق.
ئاڭلىغايمەن سۆزلىرىنى شادلىنىپ، سۆيۈپ،
ئۇنى كۈيدەك بولمىسىمۇ مۇڭلۇق-خۇشناۋا.
ھۆر — سەنەمنىڭ مېڭىشىنى باقمىدىم كۆرۈپ،
نىگار يولدا ماڭسا، دائىم قارارمەن ئاڭا.
ئەمما، تەڭرى بولسۇن گۇۋاھ، يارىم ئەزەلدىن
قېلىشمايدۇ خەق ماختىغان ئاي يۈز-گۈزەلدىن.

[1] مارجان — مارجان قۇرتلار سۆڭىكىنىڭ چۆغلانمىسىدىن ھاسىل بولغان ماددا بولۇپ، شەكلى دەرەخ شېخىغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قىزغۇچ، ئاق ياكى قارا بولىدۇ.

## 131

بەزىلەر بەك ئۆكتەم كېلەر بولغاچقا لېۋەن،
ئۆز ئەمەسسەن، بىشەملىكىڭ ئوخشايدۇ ئاڭا؛
چۈنكى، سۆيگۈڭ يىلتىز تارتىپ قەلبىمدە تىرەن،
سېنى ئالتۇن دەپ بىلگىنىم ئاياندۇر ساڭا.
كىمكى سېنى كۆرسە دەيدۇ: سۆيگۈنى ئەلەم
تارتقۇزغۇدەك كۈچ كۆرۈنمەس چېھرىڭدە زىنھار؛
دىلدا ئۇنى مات ئەيلەشكە ئىچسەمۇ قەسەم،
جاسارىتىم يوق قىلغۇدەك ئاشكارا ئىنكار.
قەسىمىمگە يات تامامەن ساختىلىق — گۇناھ؛
خىيالىمدىن كەچسەڭ، سانسىز ئۇھ تارتىش — ئەلەم
ئۈزۈلمەستىن كېلىپ، بولغاي سۆيگۈمگە گۇۋاھ:
سەن نە قارا، نەزىرىمدە ئاي يۈزلۈك سەنەم.
مىجەزىڭدىن باشقا يېرىڭ سانالماس قارا،
شۇ سەۋەبتىن شەنىڭگە داغ تېگەر ئەل ئارا.

www.uyghurkitap.com

## 132

مەن كۆزۈڭگە كۆيدۈم؛ ئايان ھەر ۋاقىت ئاڭا:
قەلبىڭ مېنى مەنسىتمىگەچ چېكەرمەن ئازاب؛
تۇتۇپ نۇرلۇق تۈندەك كۆزۈڭ سۆيگۈگە ھازا،
ھالىمغا بەك ئىچ ئاغرىتار جەزبىلىك قاراپ.
تاڭدا كۈلگەن پارلاق قۇياش مەشرىقنىڭ غۇۋا،
غەمكىن، خۇنۇك يۈز—چېھرىگە سۇرسىمۇ ئەڭلىك،
ياكى نۇرلۇق يۇلتۇز قىلىپ گۈگۈمدا جۇلا،
نۇرلانسىمۇ مەغرىپ كۆكى—بىپايان كەڭلىك،
يەتمەس دەردلىك كۆزۈڭگە ماس چېھرىڭگە پەقەت.
ھەسرەت سېنى كۆرسەتسە زەپ جەزبدار، لېۋەن،
قەلبىڭنىمۇ قىل ئۆزۈڭدەك بولۇشقا دەۋەت،
ئىچ ئاغرىتىش ۋۇجۇدۇڭغا ئورنىسۇن تىرەن.
قارا رەڭنى گۈزەللىك، دەپ بىلەرمەن ئەبەت،
رەڭگىڭگە يات بولغان جىمى نەرسە خۇنۇك، سەت.

## 133

قەلبىمنى خۇن-لەختە ئەتكەن دىلغا مىڭ لەنەت!
سالدى شۇ دىل ماڭا، ئامراق دوستۇمغا پىغان؛
مېنى شۇنچە قىيناپ، شۇكۇر دېمەستىن پەقەت،
قىلماقچىمۇ دوستۇمنىمۇ قۇلدەك ناتىۋان؟
مېنى مەندىن تارتىۋالدى شەپقەتسىز كۆزۈڭ،
كەتتىڭ يەنە سەن ئىككىنچى مەن[①]نىمۇ تالاپ.
مەندىن تامام ۋاز كەچتى ئۇ، جىسمىم ھەم كۆزۈڭ،
شۇ سەۋەبتىن تارتماقتىمەن ھەسسىلەپ ئازاب.
ئەيلە تاشتەك باغرىڭ ئارا قەلبىمنى مەھبۇس،
قەلبىم كېپىل بولسۇن دوستۇم قەلبىگە ئەبەت،
قەلبىم ئۇنى كېچە-كۈندۈز قوغدايدۇ مەخسۇس،
ماڭا كۈلپەت سالالمايسەن تۈرمىدە پەقەت.
تۇتقۇنۇڭ مەن، زالىملىقىڭ قۇترايدۇ ھامان،
ماڭا، پۈتكۈل بايلىقىمغا بولارسەن خاقان.

① ئىككىنچى مەن—"مەن"نىڭ دوستىنى كۆرسىتىدۇ.

## 134

تەن بېرەيمەن: ئەمدى نائىل بولدۇڭ سەن ئاڭا،
مەن گۆرۈگە قويۇلدۇم، سەن ئالدىڭ نەپ، ئارام،
ئۆز-ئۆزۈمنى مۇسادىرە قىلدۇرسام ساڭا،
ئىككىنچى مەن تاپسا ھۆرلۇك، پۈتەر دىل يارام.
ئەمما، ئۇنى چىقارمايسەن، ئۇمۇ چىقماس ھەم،
چۈنكى، سەن بەك ئاچكۆز، ئۇنىڭ كۆڭلى تازا—ئاق؛
ئۇ، كېپىلدەك شەرتنامىگە قول قويۇپ ھەردەم،
مېنى چىقسۇن، دەپ، سالار ئۆز بويىنىغا تاقاق.
جازانىخور، ئۇ مەن ئۇچۇن قايتۇرغاندا قەرز،
قىلىپ گۈزەل چېھرىڭ بەرگەن ھوقۇقۇڭنى پەش،
شۇ دوستۇمنىڭ ئۈستىدىن سەن سۇندۇڭ سوتقا ئەرز؛
ئالداپ ئۇنى، زىيان تارتىپ كۆڭلۈم بولدى غەش.
مەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم؛ تەۋە ئىككىمىز ساڭا،
ئۇ تۆگەتتى قەرزنى، ھۆرلۇك يوق تېخى ماڭا.

# *135

قىزغا ئۈمىد يار دېيىلسە، سەندە بار تىلەك،
يەنە نۇرغۇن ئارمان، غەرەز، ئىنتىلىش، ئامال؛
ئىستىكىڭنىڭ گۈللىرىگە بولاي، دەپ، بېزەك،
چاپلىشىپ چىڭ سېنى دائىم قىلارمەن مالال.
ئارزۇلىرىڭ ئوكيان كەبى كەڭ تۇرسا، ئاڭا
ئارمىنىمنى قويۇشۇمغا بەرمەمسەن ئورۇن؟
ئۆزگىلەرنىڭ ئىستىكى ساز تۇيۇلۇپ ساڭا،
مېنىڭكىگە نىگاھلىرىڭ ئاچامدۇ قويۇن؟
دېڭىز كۆزلەپ بولۇشنى زاپىسىنىڭ مول،
ياغسا يامغۇر ئەيلەر قوبۇل كۆرمەي ئۇنى يات؛
ئۆسسۇن ئۈمىد رەيھانلىرىڭ شاخلاپ يەنە غول،
سان-ساناقسىز ئارمىنىڭغا ئارمىنىمنى قات.
قىلما "ياق" دەپ ئاشىقىڭنى ئەزرائىلغا يەم،
ئەيلە بارچە تىلەكلەرنى بىرلا يەرگە جەم.

* 135-ۋە 136-سونېتتىكى "ئۈمىد"، "تىلەك"، "ئارمان"، "ئىنتىلىش"، "غەرەز"، "ئىستەك"، "ئارزۇ" دېگەن سۆزلەر ئەسلى تېكىستتىكى "Will"نىڭ مەنەن تەرجىمىسى. بۇ، ۋىليام(William) شېكىسپىر ۋە ئۇنىڭ سونېتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان دوستىنىڭ ئىسمىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بولۇپ، ئىككى بىسلىق مەنىگە ئىگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئۇسۇل ئەينى زامانلاردا كەڭرى تارقالغان سۆز ئويۇنى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 136

مەن يېنىڭغا كەلسەم، دىلىڭ سالار تىل ماڭا،
شۇ كورغا ئېيت: مەن—مۇقەددەس ئارمىنىڭ سىنىڭ،
”ئارزۇ-تىلەك“ ئەزەلدىنلا تونۇشتۇر ئاڭا،
ئارمىنىغا يەتكۈز مەجنۇن ئىشقىمنى مېنىڭ.
ئۈمىد سۆيگۈ خەزىنەڭنى تولدۇرار هامان،
ئەي دىلبىرىم، تولدۇر ئۇنى مېنىمۇ قوشۇپ،
بىل، غايەت زور بۇ ئىدىشنى ئىشلىتىش ئاسان،
يەنە بىرنى سالغىنىڭغا كەتمەيدۇ توشۇپ.
بولغاندىكىن مەنمۇ سانسىز ئىستەكلەر ئارا،
بەر ئىجازەت شۇ ئىدىشقا كىرەيمەن تولۇق،
سەن مېنى بىر ئەھمىيەتسىز نەرسە، دەپ قارا،
ئەمما، سۆيگۈڭ لەززىتىدىن قويمىغىن قۇرۇق.
ئات-ئىسمىمنى مەڭگۈ ئۆچمەس سۆيگۈ ئوتۇڭ قىل،
ئىسمىم—”ئۈمىد“، شۇڭا ماڭا بەرگىن كۆڭۈل-دىل.

## 137

قانداق قىلىپ، ئەي كور، نادان سۆيگۈ خۇداسى،
كۆزلىرىمنى ئەمالىققا ئەيلىدىڭ دۇچار؟
ئايدىڭ ئاڭا گۈزەللىكنىڭ ئورنى، جۇلاسى،
ئەمما، خىسلەت دەپ چۈشەندى ئىللەتنى ئۇلار.
بولۇپ ساددا خىيال ئىچرە كۆزلىرىم مالال،
قالسا ئەگەر ئاۋام باسقان دېڭىزدا لەيلەپ،
قىلدىڭ نېچۈن قەلبىمدىكى ھۆكۈمنى قامال،
سەن ئۇلارنىڭ دۆتلىكىنى مىسلى تور ئەيلەپ؟
ئۇ—ۋەخپە يەر، بىلىپ تۇرۇپ قەلبىم نېمىشقا
يۇردى ئۇنى شەخسىگە خاس زېمىن، دەپ تونۇپ؟
يا كۆزلىرىم قەستەن كۆڭۈل بۆلمەي بۇ ئىشقا،
گۈزەللىكتە خۇنۈكلۈكنى قويدىمۇ توسۇپ؟
قەلبىم، كۆزۈم ھەق-ناھەقنى ئەتمىگەچكە پەرق،
ساختىلىقنىڭ كۆلچىكىگە بولۇپ كەتتى غەرق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 138

ئويلىسۇن، دەپ، جانان مېنى قۇۋلۇقتا قەدەم
قويمىدى ھەم ساددىلىقنى ھەمراھ، دەپ ماڭا،
ئىچسە ۋاپا-ساداقىتى توغرۇلۇق قەسەم،
بىلىپ يالغان ئېيتقىنىنى ئىشەندىم ئاڭا.
قېرىپ نىمجان بولغىنىمنى ئۇقسىمۇ ئۆزى،
ئەمما، مېنى كۆرسە، دەيمەن دائىم قىران، ياش،
ئىشەنچىمنى قىلدى مەپتۇن ياغلىما سۆزى:
رېئاللىقنى پىنهان تۇتۇپ ئەيلىمىدۇق پاش.
نېچۈن يالغان ئېيتقىنىغا تەن بەرمەس نىگار؟
مەنمۇ ياشلىق گۈلۈم سولدى، دېمەيمەن ئەجەب؟
قېرى ئاشىق ياشنى تىلغا ئېلىشتىن بىزار،
ساختا ئىشەنچ مۇھەببەتكە بېغىشلار شەرەپ.
كۈنلەر ئۆتەر بىز ئۆزئارا ئالدىشىپ، دېمەك،
نۇقسانىمىز تاپار شېرىن كالامدىن بېزەك.

## 139

ئاھ، رەھىمسىز جەبرەڭ بىلەن قەلبىمگە ھەسرەت
سالغىنىڭغا ئەپۇ سوراپ يۈرمە مەندىن، يار؛
تىللا، لېكىن كۆزلىرىڭدىن ياغدۇرما نەپرەت،
ئۆلتۈر ئۇرۇپ، مىكىر بىلەن قىلما مېنى خار.
باشقا ئەرنى سۆيدۇم، دېدىڭ؛ ئامرىقىم، بىراق
كۆز ئالدىمدا نىگاھىڭنى تاشلىما ئاڭا.
سالدىڭ نېچۈن مىكرىڭ بىلەن جىسمىمغا پىراق،
تۇرسا مېنى ئەل قىلغۇدەك قۇدرەت يار ساڭا؟
ئاقلاي سېنى: ”ئاھ، دىلبىرىم كۆڭلىگە ئايان:
رەقىبىمدۇر ئۇ تاشلىغان يېقىملىق نەزەر.
شۇڭا مەندىن نىگاھىنى ئۆزگە يەر تامان
يۆتكەپ، بۇگۇن چاچار ياتلار چېھرىگە زەھەر.“
ئەمما، ئۇنداق قىلما ھازىر؛ ھالىم بەك خاراب،
پىغانلىرىم يۇتسۇن، مېنى ئۆلتۈر بىر قاراپ.

## 140

تاش يۈرەكسەن، بول ئەقىللىق؛ ھەسرىتىم ماڭا
تىل بېرىپ، ئۆز نەپرىتىنى قىلمىسۇن بايان،
شۇڭا، ئۈنسىز تاقىتىمگە سالمىسۇن جاپا،
چېھرىڭ ئارا مەنمەنلىكىڭ ئەيلىنىپ ئايان.
مەن مىسالى ئۆلەر چاغدا، دوختۇرنىڭ: شىپا
تاپالايسەن، دېيىشىگە خۇشتار چۈش بىمار؛
ئەگەر ئەقلىڭ بولسا، مېنى قىلدۇرما ئىدا،
كۆيمىسەڭمۇ، كۆيدۈم ساڭا، دەپ قويغىن، نىگار.
ئۈمىد شامىم ئۆچسە، بولۇپ سەۋدايى ئادەم،
كەلسە-كەلمەس تىللاپ سېنى قىلارمەن غەلۋە.
رەزىللىككە تولۇپ كەتتى بۇ رەزگى ئالەم،
تەلۋىلەرنىڭ غەيۋىتىگە ئىشەنگەي تەلۋە.
قىلماي دېسەڭ مېنى مەجنۇن، غۇرۇرۇڭنى خار،
سۆيمىسەڭمۇ، تاشلا ماڭا نىگاھىڭنى، يار.

## 141

راست گېپىمنى ئېيتسام، كۆزۈم كۆيمىدى ساڭا،
چۈنكى، سەندە بار ھېسابسىز كەمچىلىك — ئېۋەن؛
ئەمما، يانار قەلبىم بولۇپ ئىشقىڭدا لاۋا،
قىلماي پەقەت جۈپ كۆزۈمنىڭ پەيلىگە ئېرەن.
قۇلاقلىرىم بولماس ھامان ناخشاڭغا خۇشتار؛
تەسىرگە تېز ئۇچرايدىغان تېگىش، پۇراش، تەم
سەزگۈلىرىم قەدەم تەشرىپ قىلمايدۇ زىنھار
جىسمىڭدىكى ئەزالارنىڭ بەزمىسىگە ھەم.
ئەمما، بەش خىل ئىدرىكىم، بەش ئەزايىمغا يات
قەلبىمدىكى مەپتۇنلۇقنى توسقۇدەك مادار،
مەنىستىلمەي قەددىمدىكى ئەركەكلىك سۇبات،
بولدى سەندەك تەكەببۇرغا قەلبىم قۇل-چاكار.
تالاپەتتىن ئالدىم بەھىر — نەپىمۇ بىراق،
ئۇ، گۇناھقا باشلاپ مېنى چەكتۈردى پىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 142

سۆيگۈم — گۇناھ؛ نەپرەت گۈزەل خىسلەتتۇر ساڭا،
كۆردۈڭ رەزىل گۇناھلىرىم — سۆيگۈمنى يامان.
ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتسەڭ، ماڭا
كايىش ھاجەت ئەمەس، بۇنى بىلەرسەن ھامان.
ھاجەت دېسەڭ، لېۋىڭمۇ ھېچ سۇرەلمەس زۇۋان،
چۈنكى كۆركەم ئەڭلىكىڭگە قىلدى ئۇ ئەلەم،
خەق ئىجارە بېرىپ كۆرپە، نەپ ئالسا، شۇئان
تارتىۋالدى ئىچىپ مەندەك ساختا ئانت-قەسەم.
سۆيدۈم سېنى، سەن ئورۇنلۇق سۆيگەندەك ئۇنى،
سەن ئۇنىڭغا تەلمۈرگەندەك تەلمۈردۈم ساڭا.
قەلبىڭ ئارا سىڭسە تىرەن شەپقەتنىڭ نۇرى،
ياغقاي چوقۇم باشقىلارنىڭ شەپقىتى ئاڭا.
سەن يوشۇرۇپ ئۇنى، خەقتىن ئىزدىسەڭ ئەگەر،
خەق ئۆگىنىپ سەندىن، ساڭا تاشلىماس نەزەر.

# 143

كۆر، گويا بىر ئېھتىياتچان خوجايىن ئايال
قېچىپ كەتكەن مېكىياننى تۇتۇشنى ئويلاپ،
سەبىي، ئوماق بالىسىنى ئەيلىمەي خىيال،
جەھلى بىلەن شۇ توخۇنى يۈرىدۇ قوغلاپ.
ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرماي بالا،
يىغلىغانچە ئارقىسىدىن كېلەر چېپىپ تېز،
پەرۋا قىلماي بالىسىنىڭ زارىغا ئانا،
توختىماستىن نىشانىنى قوغلار بېسىپ ئىز.
سەنمۇ قاچقان ئەرنى قوغلاپ يۈرەرسەن مانا،
ئۆز بالاڭمەن، مەنمۇ كەلدىم قوغلىشىپ سېنى.
ئارمىنىڭ گۈل ئاچسا، باققىن قايرىلىپ ماڭا،
سۆي ئانىلىق مېھرىڭ بىلەن كۈلدۈرۈپ مېنى.
قايتىپ كېلىپ، بەرسەڭ پەقەت تەسەللى ماڭا،
قۇچاق ئاچسۇن، دەپ تىلەرمەن ئارزۇيۇڭ ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 144

تەسەللى ھەم ئۈمىدسىزلىك دىلبىرىم ھامان،
پەرىشتىدەك قىلدى ئۇلار ئەقلىمنى قامال،
ئەزگۈسى ئەر، ۋۇجۇدىدا گۈزەللىك ئايان،
ياۋۇزى بىر بەدبەشىرە— كۆرۈمسىز ئايال.
شۇ جادۇگەر ئەيلەپ مېنى جەھەننەمگە يەم،
ئايرىۋەتسەم، دەيدۇ مەندىن پاك پەرىشتىنى،
چۈشكۈنلۈكتە ئۇنى جىنغا ئايلاندۇرۇپ ھەم،
كىبرى بىلەن ئالدار ئۇنىڭ سۆيگۈ رىشتىنى.
شۇ پەرىشتەم ئايلاندىمۇ ئىبلىسقا، ھازىر
يوق قىياستىن باشقا مەندە ئېنىقراق ئۇقۇم؛
كەتتى ئۇلار، بىرلەشكىنى ئەيلەندى زاھىر،
چۈشتى بىرى دوزىخىغا بىرىنىڭ چوقۇم.
ئەمما، بۇنى بىلمەي، پەقەت قىلارمەن پەرەز
پەرىشتەمنى ھەيدىگۈچە جادۇگەر— مەرەز.

## *145

مۇھەببەت ئىلاھى ياراتقان لەۋ دەل
سۆيگۈدىن مۇكچەيگەن قەددىمگە قاراپ
ئېيتتى: ”ئۆچ-نەپرىتىم بولدى گويا سەل.“
ئەمما زەن سېلىپلا چەكتى دەرد-ئازاب،
شۇ ھامان قەلبىدە قوزغىلىپ شەپقەت،
يېقىملىق ھۆكۈمنى ئېيتىشقا ھەردەم
ھېرىسمەن ئېغىزغا ياغدۇرۇپ نەپرەت،
ئۇنى راست سۆزلەشكە قىلدى دەۋەت ھەم.
توختاپ ”ئۆچ“ دېگەن سۆز، مىسالى گۈلگۈن
كۈندۈزدىن كېيىنلا تۈن ئېچىپ جامال،
تۈندىكى جىن بولۇپ بېھىشتىن سۈرگۈن،
دەھشەتلىك دوزاخقا ئەيلەندى قامال.
ئۇ، ”مەن ئۆچ“ دېگەندىن قول ئۈزۈپ، ماڭا
قايتىدىن جان بەردى دەپ: ”ئەمەس ساڭا.“

* بۇ سونېت باشقا سونېتلارغا قارىغاندا ئىككى بوغۇم ئاز بولۇپ، تەرجىمىدىمۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىك ساقلاپ قېلىندى.

## 146

جىنايەتكار جىسمىمدىكى مىسكىن دىل — تۇگۇن،
بولدۇڭ ئۆزۈڭ پەردازلىغان ئاسىيغا ئەسىر.
ئاچ-زارلىقتا ھەسرەت يۇتۇپ پىنھاندا نېچۈن
تاشقى تامنى زىننەتلەشكە سىڭدۈردۈڭ ئەجىر؟
بۇ — ئىجارە مۆھلىتى بەك قىسقا سارايغا
دەسمايەڭنى سالساڭ، ساڭا تېگەر قانداق نەپ؟
تويماس قۇرت كاتتا ئورداڭ — بىباھا جايغا
ۋارىس بولۇپ، ئاخىر ئۇنى تۈگەتمەمدۇ يەپ؟
ئەي دىل، ياشا چاكىرىڭنى تارتقۇزۇپ زىيان،
دائىم ئۇنى شۇلۇپ پۇتمەس بايلىققا ئېرىش؛
باق ئۆزۈڭنى، تام بېزەشنى ئەيلىمە نىشان،
بوش ۋاقىتقا چەكسىز ئۇزۇن مۆھلەتنى تېگىش.
ئەزرائىلنى ھاپ ئېتە شۇندا بىمالال،
ئۇ ئۆلسىلا، قىلماس ئەجەل ئىنسانىنى قامال.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 147

سۆيگۈم— كېزىك؛ ئۇ تىلەر: بۇ كېسەللىك پەقەت
ساقايماستىن ئېغىرلىشىپ بارسا ئەبەد، دەپ،
ئەيلەپ ئۇنى دائىم مەۋجۇت بولۇشقا دەۋەت،
تۇرار ئاغرىق قوزغاتقۇچى دورىلارنى يەپ.
زېھنىم— ئىشىق دوختۇرۇمنىڭ ئۆچتى ئىمانى
يېزىپ بەرگەن رېتسېپىغا قىلمىسام ئەمەل،
چاندى مەندىن، ئۆچتى شۇئان ئۈمىدىم شامى،
بىلدىم: شىپا تاپمايدىغان ئىستەك— دەل ئەجەل.
زېھنىم تۈگەپ بولدى ماڭا شىپالىق هارام،
مېنى پۈتمەس بىئاراملىق ئەيلىدى ساراڭ؛
كەلسە-كەلمەس سۆزلەر، چەتنەپ چىنلىقتىن تامام
سەۋدايىغا ئوخشاپ گويا ئوي-خىيال، پاراڭ.
دەيتتىم بۇرۇن: قىلار سەندە گۈزەللىك جۇلا،
ئەمما، ئىدىڭ دوزاخ كەبى زۇلمەتلىك— غۇۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 148

سۆيگۈ، قانداق كۆزنى ماڭا ئەيلىدىڭ ئاتا،
ئۇندا ئەكس ئەتمىگەي چىن رېئاللىق ھامان!
ئەقىل كۆزۈم كۆرگەن جىمى نەرسىگە خاتا
نامنى بەردى؛ ئېيت، قەيەرگە بولدى ئۇ راۋان؟
كۆزۈم كۆرگەن تەن سانالسا سۆزسىز ئۇز— ئوماق،
نە سەۋەبتىن ”سەت-كۆرۈمسىز“ دەيدۇ ئەل-ئاۋام؟
ئۇ، ناۋادا بولسا شۇنداق جەزبىدىن يىراق،
سۆيگۈ كۆزى باشقا كۆزگە يېتەلمەس تامام.
ئاھ، ئۇ ئازاب ياشلىرىغا ئەيلىگەندە غەرق،
كۆرەلەمدۇ شەيئىلەرنى ئۆز پېتى، ئېنىق؟
ئەجەبلەنمە ئېتەلمىسەم چىنلىقنىمۇ پەرق،
پارلىيالماس كۈنمۇ ھاۋا بولمىسا ئوچۇق.
ئەي قۇۋ سۆيگۈ! قىلمىسۇن، دەپ گۇناھىڭنى پاش،
مېنى كورغا ئايلاندۇردۇڭ تۆككۈزۈپ كۆز ياش.

# 149

ئەي باغرى تاش! دېدىڭ ئەجەب: سۆيمىدىڭ مېنى،
سەن بىلەن تەڭ مەن ئۆزۈمنى كۆرسەممۇ يامان؟
كېچە-كۈندۈز چىقاردىممۇ يادىمدىن سېنى؟
ئۆز غېمىمنى يېدىممۇ، ئېيت، رەھىمسىز خاقان؟
سەندىن بىزار ئادەملەرنى تۇتتۇممۇ دوست-يار؟
رەقىبىڭگە كۆرسەتتىممۇ شاپائەت—شەپقەت؟
ياق! ياغدۇرساڭ تەلەتىڭدىن ئۇستۇمگە مۇز-قار،
بىلدۇردۇمغۇ مەن ئۆزۈمگە ئاھ ئۇرۇپ نەپرەت؟
خىسلەتلىرىم نىگاھىڭغا تەلمۈرۈپ ھەردەم
سەجدە قىلىپ تۇرسا ئېۋەن—ئىللەتلىرىڭگە،
ئۆتەي قانداق نەرسەم بىلەن ماختىنىپ، ئەركەم،
جاننى پىدا قىلماي ئەمىر، خىزمەتلىرىڭگە؟
ئەمدى بىلدىم مەقسىتىڭنى: بول مەندىن بىزار،
مەن—كور؛ كۆزى ئۆتكۈرلەرگە ئامراقسەن، نىگار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 150

بۇ قۇدرەتنى تاپتىڭ كىرىپ قانداق كۆچ ئارا،
ئىللىتىڭنى قىلدىڭ ئەجەب قەلبىمگە باشلىق؟
چاپلاتقۇزۇپ ئۆتكۈر، راستچىل كۆزۈمگە قارا،
دېگۈزدۈڭغۇ: يورۇماس كۆك، بولسا قۇياشلىق؟
رەزىللىكىڭ خىسلىتىمنى قىلدى بەنت—قامال،
نەدىن نېسىپ بولدى ساڭا جەزبىدار چېھىر؟
بەخش ئەتتىڭ قوللىنىپسەن قانداق پەنت-ئامال،
تۈرلۈك قەبىھ قىلمىشىڭغا ئىقتىدار، سېھىر؟
قىلغان ئىشىڭ، سۆزلىرىڭدىن ئىدىمەن بىزار،
ئۆگەتكەندۇ كىم سۆيگۈمنى ئۇۋلاشنى ساڭا؟
ئەھلى جاھان ئۆچ ئادەمنى دېدىمەن نىگار،
خەق بىلەن تەڭ نەپرەت تېشى ياغدۇرما ماڭا.
نازاكەتلىك بولمىساڭمۇ سۆيدۇمغۇ سېنى،
يار ئەتمىكىڭ لازىم شۇڭا سۆيگۈڭگە مېنى.

## 151

ۋىجدان نېمە؟ بىلمەس سەبىي سۆيگۈ خۇداسى،
سۆيگۈ ئۇنى تۇغقان، بۇنى چۇشەنگەي جاھان.
شۇڭا، ئىزدەپ ئىللىتىمنى يۇرمە، قۇۋ ئاسىي،
گۇناھىمغا پاي قوشقىنىڭ بولمىسۇن ئايان.
يۈز ئۆرۈسەڭ مەندىن، قوپال جىسمىم بىلەن تەڭ
يۈز ئۆرۈدۈم ئالىيجاناب قەلبىمدىن شۇئان.
قەلبىم: ”ئىشق-سۆيگۈ ئۈچۈن قىلىپ كەسكىن جەڭ،
شان قۇچارمەن“ دېسە، جىسمىم سۇرمەس ھېچ زۇۋان.
ئۇ، ئىسمىڭنى ئاڭلىغاندا روھلىنىپ بىراق،
دەرھال سېنى ئولجام، دېدى، شادلىقى پەۋەس.
قول-چاكاردەك بولماي سەندىن بىر قەدەم يىراق،
پەرمانىڭنى ئورۇنداشقا باغلىدى ھەۋەس.
مۇھەببەت دەپ ئىسمىم قويدۇم ۋىجدانغا شۇڭا،
سۆيگۈ ئۈچۈن تىك تۇردۇم ھەم تىزلاندىم ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 152

ئايدىڭ ساڭا: مەنمۇ بوزدۇم سۆيگۈ ئەھدىنى،
كۆيدۇم، دېدىڭ، بۇ گېپىڭمۇ چىنلىققا خىلاپ.
بوزدۇڭ يېڭى ئانت، تۆشەكتە بەرگەن ۋەدىنى،
چىقتىڭ يېڭى شادلىق، يېڭى ئاداۋەت ياساپ.
مەن كۆپ قېتىم ئانتنى بوزدۇم، قانداقمۇ لەنەت
ئېيتاي ساڭا، ئىككى مەرتەم بوزساڭ سەن ئاران؟
يەتمىگەچكە قەسسەمىنىڭ قەدرىگە پەقەت،
ئىشەنچىمنىڭ گۈللىرىنى ئەيلىدىڭ خازان.
دەيتتىم سېنى: قەلبى ئاتەش، جەزبىدار رەنا،
پاك، سەممىي مەشۇقۇم ھەم مۇلايىم، سەنەم.
سۇردۇم ساڭا ئەڭلىك، قىلىپ ئۆزۈمنى ئەما،
ياكى ئىچتىم: كۆردۇم زىبا تەننى، دەپ قەسەم.
ئالەمدىكى ھۆرسەن، دېدىم تاشلاپ ساڭا كۆز،
بۇ، چىنلىققا تامامەن يات يالغان-يالا سۆز.

## 153

چۇپىد[1] ئۇخلاپ قالغىنىدا مەشئەلنى قويۇپ،
دىئاننا[2] نىڭ بىر چۆرىسى سۆيگۈ — پىراققا
هايات بەرگۈچ مەشئەلىنى شۇئان ياندۇرۇپ،
تاشلىۋەتكەن جىلغىدىكى مۇزدەك بۇلاققا.
شۇ مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ تەپتىدە بۇلاق
خاسىيەتلىك ئارىشاڭغا ئايلىنىپ تامام،
هازىرغىچە ئىچىپ سانسىز بىمارغا قۇچاق،
بەخش ئەيلەپ كەلدى تەنگە شىپالىق — ئارام.
يار كۆزىدە ياندى قايتا شۇ مەشئەل-لاۋا؛
كۆكرىكىمگە ياقسا چۇپىد سىناي دەپ ئۇنى،
ساقىسىز لىنىپ ئارىشاڭدىن ئىزدىسەم داۋا،
كار قىلمىدى، ئۆچتى دەردتىن چېھرىمنىڭ خۇنى.
يارنىڭ ئىشق ئوتى يانغان كۆزلىرى پەقەت
شىپا بەرگۈچ ئارىشاڭدۇر جىسمىمغا ئەبەت.

---

① چۇپىد — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت ئىلاھى.
② دىئاننا — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئاي ئىلاھى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 154

كىچىك چۈپىر ئۇخلىغاندا، دىللارغا رىشتە
بەخش ئەتمىش مەشئىلنى قويۇپ سەل نېرى،
لەرزان مىڭىپ كەلگەن تالاي پاك ھۆر — پەرىشتە؛
شۇ نازىنىن-سەنەملەرنىڭ ئەڭ گۈزەل بىرى
ئېلىپ كەتكەن مىليون دىلنى گۈلخاندەك ئۇدا
لاۋۇلداتقان خاسىيەتلىك مەشئەلنى خۇشال،
شۇنداق قىلىپ، ئىستەكلىرى مول سەبىي خۇدا
غەپلەت ئارا پەرىشتىگە تاپشۇرغان قورال.
سالسا سۆيگۈ مەشئىلىنى بۇلاقتا سەنەم،
بىر شىپالىق ئارىشاڭغا ئايلانغان بۇلاق؛
يار ئىشقىدا ساقىسىزلىنىپ، يۇتۇپ دەرد-ئەلەم،
ئەشۇ يەرگە باردىم، شىپا تاپمىدىم بىراق.
سۆيگۈ ئوتى پورۇقلىتار مۇزدەك بۇلاقنى،
مۇزدەك بۇلاق سوۋۇتالماس سۆيگۈ-پىراقنى.

# شېكسپىر سونېتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى توغرىسىدا

جاسارەت تاش

دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرىنىڭ بىرى ۋىليام شېكسپىر (1564 — 1616) نىڭ نامى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ناھايىتى تونۇش. ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك بۇ ئۇلۇغ دراماتورگ ۋە شائىر يىگىرمە نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىككى داستان، 37 سەھنە ئەسىرى، 154 پارچە سونېت يازغان. گەرچە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيىتى سەھنە ئەسەرلىرى بولسىمۇ، ئەمما شېئىرىي ئەسەرلىرىمۇ، بولۇپمۇ سونېتلىرى دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يازغان 154 پارچە سونېتى مەيلى ھېسسىيات، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئىدىيە، كۆز قاراش، بەدىئىي نۇقتىدىن بولسۇن، تۆت ئەسىردىن بۇيان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن يۈكسەك بەدىئىي تالانت، قايناق

ھېسسىيات، پەلسەپۋى پىكىر، شۇنىڭدەك يەنە باشقا ئالاھىدىلىكلەرنىڭ سېھرىي كۈچى دۇنيا سەنئىتى سەھنىسىدىكى ئۇلۇغ شېكسپىرشۇناسلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى. بۇ شېكسپىرشۇناسلار 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئىككى يېرىم ئەسىردىن بېرى، 154 پارچە سونېت ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ۋە مۇنازىرىسىنى توختاتمىدى.

ۋاھالەنكى، تا ھازىرغىچە چەت ئەللەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە بۇنى تەتقىق قىلىش بىزگە نېسىپ بولمىدى. چۈنكى، بۇ سونېتلارنىڭ ئالدىنقى يىگىرمە پارچىسىنى مەرھۇم ئالىممىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھايات ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ، «باھار شامىلى» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىللىق 3 - سانىدا تونۇشتۇرغاندىن سىرت، ھېچكىم بۇلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇپ باقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىزدە بۇنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئاڭلاشتىن باشقا، ئۇيغۇرچە تولۇق تەرجىمىسىنى كۆرۈش، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ھەمدە چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقاتىدىن خەۋەر تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. مەنمۇ سانسىزلىغان ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاش بىلەنلا كۇپايىلەندىم، خەنزۇچە نەشر قىلىنغان چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ شېئىرلار توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن بىر نەچچە پارچىسى بىلەن تونۇشقان بولسامۇ، مەندە بۇنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى بولمىغاچقا، 154 پارچە سونېتنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشكە

مۇۋەپپەق بولالمىدىم. 1997 ـ يىلى، خەنزۇچە كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن تۆت پارچە (1ـ، 18ـ، 54ـ ۋە 60ـ سونېت) نى تاللاپ، سىناق تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلىپ، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «تەرمىلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى تېپىپ تەرجىمە قىلىش نىيىتىم بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ تۆت پارچىسىنى تەرجىمە قىلغۇچە، بۇلارنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى تونۇپ يالتىيىپ قالدىم. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى تېپىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. كەينىدىنلا لياڭ زۇڭدەي، تۇ ئەن، ما ئەينۇڭ قاتارلىق ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ خىل (تۇ ئەننىڭ 1950 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى بىلەن 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى ماھىيەتتە ئىككى خىل تەرجىمە نۇسخا بولۇپ، بۇلار بىر بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ) تەرجىمە نۇسخىسىنى تېپىپ، قانچىلىك جاپا تارتساممۇ تولۇق تەرجىمە قىلاي، دېگەن نىيەتكە كەلدىم ـ دە، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 9 ئاي ئىچىدە خەنزۇچە 4 — 5 خىل تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ، بۇنى دەسلەپكى قەدەمدە تەرجىمە قىلىپ تاماملىدىم.

مەن باشتا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمە قىلغان 20 پارچە سونېتنى تەرجىمە قىلماي (مەن تەرجىمە قىلىپ بولغان 1 ـ ۋە 18 ـ سونېتنى كىرگۈزمەي)،

قالغانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىنى قوشۇپ، بىر كىتاب قىلىپ چىقىشىنى ئويلىغانىدىم. ئەمما، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەرجىمىسىنى تېپىپ، قولۇمدىكى خەنزۇچە بەش خىل تەرجىمە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، 20 پارچىسىنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم مەنە خاتالىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقاپ ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنىڭ قاپىيە شەكلىنىڭ سونېتنىڭ، بولۇپمۇ شېكسپىر سونېتلىرىنىڭ قاپىيە شەكلىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ 2 خىل بەھرىدە تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلارنىمۇ قايتا تەرجىمە قىلدىم. شېكسپىر سونېتلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر خىل ۋەزىن، بىر خىل رىتىمدە، يەنى 1 - سونېتنىڭ 1 - مىسراسى قانداق ۋەزىن، قانداق بەھىر، قانچە بوغۇم، قانچە تۇراقتا يېزىلغان بولسا قالغان 152 پارچىسى (145 - سونېت باشقا سونېتلاردىن ئىككى بوغۇم ئاز) مۇ مۇشۇنداق شەكىلدە يېزىلغان. 126 - سونېت پەقەت 12 مىسرادىنلا تەركىب تاپقان بولۇپ، مەسنىۋى (بېيىت) شەكىلدە يېزىلغان، قالغان 153 پارچە سونېت بىرلا خىل قاپىيە شەكلى (بۇنىڭ فورمۇلاسى: ABAB CDCD EFEF GG) بويىچە يېزىلغان. ئەمما ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى AABA CCDC EEFE GG قاپىيە شەكلىدە تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئەسلى شەكلىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن.

سونېت ئىنگلىز تىلىدىكى «Sonnet» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ بۇ خىل شېئىر شەكلى ياۋروپا ئەدەبىيات -

سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدە ئىتالىيىدە بارلىققا كەلگەن، ئىتالىيە شائىرى پېتراك سونېتىنىڭ ئىجادچىسى ھېسابلىنىدۇ. سونېت 14 مىسرادىن تەركىب تاپقاچقا، خەنزۇچە «14 مىسرالىق شېئىر» (« 十四行诗 ») دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ قاپىيە شەكلى بىر نەچچە خىلغا يېتىدۇ. پېتراكنىڭ سونېتلىرىنىڭ ئالدىنقى سەككىز مىسراسى تۆت مىسرادىن ئىككى گۇرۇپپا (كۇپلېت) غا، كەينىدىكى ئالتە مىسراسى ئۈچ مىسرادىن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان بولۇپ، قاپىيە شەكلى ABBA BCCB DED EDE دىن ئىبارەت بولغان. 16 - ئەسىردە سونېت شېئىر شەكلىنى ئەنگلىيىلىك شائىرلاردىن ۋايت بىلەن سۇررۇي ئەنگلىيىگە ئېلىپ كىرىپ، قاپىيە شەكلى جەھەتتە ئۆزگىرىش ياسىغان. ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل قاپىيە شەكلى بىلەن سونېت يازغان:

1) ABAB CDCD EFEF GG

2) ABAA ABAB ABAB AA

3) ABAB ABAB CBCB DD

4) ABAB BABA ABAB CC

5) ABBA ABBA CDCC DD

## 6) ABBA ABBA CDDC EE

ئۇلار مەيلى قايسى خىل قاپىيە شەكلىدە سونېت يازسۇن، ھەممىسىنى بىر خىل ۋەزىندە بەش تۇراق، ئۇنى بوغۇم قىلىپ يازغان. 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سونېت شېئىر شەكلى ئەنگلىيىدە ئومۇملاشقان. شېكسپىر باشتىن ئاخىر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىرىنچى قاپىيە شەكلىدە يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سونېتلىرى ھېسسىياتىنىڭ موللىقى، پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن باشقىلارنىڭ سونېتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە سونېتنىڭ قاپىيە شەكىللىرى تېخىمۇ رەڭدارلىشىپ كەتتى. ۋاھالەنكى، ھازىرقى زامان دۇنيا شېئىرىيىتىدە سونېت شەكلىلا ئەمەس، يەنە باشقا مۇكەممەل، رىتىملىق، مۇزىكىلىقى كۈچلۈك بارلىق شەكىللەرنىڭ ھەممىسى بەرباتلىققا يۈزلەندى. خۇددى روسىيىنىڭ ئاتاقلىق شېكسپىرشۇناسى مولوزوۋ ئېيتقاندەك «چەت ئەل شېئىرلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە شېئىرلىرىنىڭ شەكلى ھالاكەتكە يۈزلەندى. قاپىيە، بوغۇم ھەتتا رىتىممۇ پۈتۈنلەي يوقالدى. ‹شېئىر›لار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن نەسرىي جۈملىلەرگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار بىر جۈملىنىڭ ئاستىغا يەنە بىر جۈملىنى تىزىپ قويۇپ، ئۇنى ھەقىقىي شېئىر، دەپ نىقاپلىدى. تۈنۈگۈنكى شەكىلۋازلار بۈگۈن ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدە ھەر قانداق شەكىلگە قارشى غالجىرانە ھۇجۇم قوزغاپ، شېئىرىيەتنى ھالاكەت گىردابىغا

ئىتتەردى.»

شېكىسپىر سونېتلىرى هازىرغىچە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. 1932 - يىلى، گۇاڭخۇا كىتاب ئىدارىسى چيۇ رۇيچۇ ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن ئىنگلىز شائىرلىرىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئىنگلىزچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى بويىچە نەشىر قىلغان. بۇ توپلامغا شېكىسپىرنىڭ ئىككى پارچە (29 - ۋە 148 -) سونېتى كىرگۈزۈلگەن. تۇ ئەن ئەپەندىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇنىڭ تەرجىمىسىدە مەنەن خاتالىق، تىلىنىڭ قوپال بولۇشىدەك سەۋەنلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ، شېكىسپىر سونېتلىرىنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى ھېسابلىنىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي تەرجىمانلىرى بۇ سونېتلارنى تاللاپ ياكى تولۇق تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. مېنىڭ بىلىشىمچە، هازىر ئۇنىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى ئونغا يېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. 1943 -، 1944 - يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كاپىتانى توماسىيېۋسكىي شېكىسپىر سونېتلىرىنى روسچىغا تەرجىمە قىلغان، 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئەدەبىي تەرجىمان، شائىر مارساكمۇ روسچىغا تەرجىمە قىلىپ، ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مارساك بۇنى ئۆلۈك، ئەينەن تەرجىمە قىلماي، مەنەن ۋە ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى گۈزەللىكىنى بىر قەدەر تولۇق ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، روس تىلىنىڭ

ئىپادىلەش كۈچى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان.

شېكسپىر سونېتلىرىدا شائىرنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكرى، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەدىئىي ئوخشىتىش ئۇسۇلى مەركەزلىك ئىپادىلىنىپ، شېئىرىيەتتىكى قاتماللىق، قېلىپبازلىق، تەسۋىرىي ئاجىزلىقنى چەك ئېلان قىلىنغان. 1599 - يىلى نەشرىيات سودىگىرى ۋىلىيام جاگارد شېكسپىرنىڭ ئىككى پارچە سونېتىنى ئېلان قىلغان، 1609 - يىلى يەنە بىر نەشرىيات سودىگىرى توماس سوپ (Thomas thorpe) 154 پارچە سونېتنى ئايرىم كىتاب قىلىپ باسقاندا، كىتابنىڭ تۇنجى بېتىگە: «تۆۋەندىكى سونېتلارنىڭ بىردىنبىر تۇرتكۇچىسى ۋ. خ ئەپەندىگە بېغىشلايمەن، ئۇنىڭ چەكسىز بەخت - سائادەتكە مۇيەسسەر بولۇشىنى ھەمدە ئۆلمەس شائىرىمىز ئېيتقان مەڭگۈ ئۆچمەس نام - شۆھرەتتىن بەھرىمەن بولۇشىنى تىلەيمەن. ت. ت» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ قويغان. بەزى شېكسپىرشۇناسلار، بۇ كىتاب نەشر قىلىنىدىغان چاغدا شائىر سونېتلارنى كۆرۈپ چىقمىغان، شۇڭا ئۇنىڭدا باسما خاتالىقى كۆرۈلگەندىن سىرت، سونېتلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپىمۇ قالايمىقان بولغان، دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار سونېتلارنىڭ رەت - تەرتىپىنى قايتا تۈرغۈزۈپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن.

نەچچە ئەسىردىن بېرى، تەتقىقاتچىلار: «ۋ. خ ئەپەندى زادى كىم؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. بەزى تەتقىقاتچىلار: «ۋ. خ ئەپەندى دەل گراف ساۋسامپتون — ھېنرى رىئوسېسلېي

(Henry Wriothesley) » دەپ قاراشسا، بەزىلەر: «شائىر
ئۆزىنىڭ ‹ۋېناس بىلەن ئادونىس›، ‹لۇكرىسىنىڭ ھاقارەتكە
ئۇچرىشى›، ناملىق داستانلىرىنى ئوچۇق. ئاشكارا ھالدا
ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، بېغىشلىمىسىدا ئۇنىڭ نامىنى تولۇق
يازغان، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ۋ. خ
ئەمەس، بەلكى خ. ۋ بولىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇ گراف
تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ‹ئەپەندى›، دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىشىپ،
بۇ قاراشنى ئىنكار قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بەزىلەر: «ۋ.
خ ئەپەندى گراف پېمبروك — ۋىلىيام خېربېرت
(William Herbert) بولۇشى مۇمكىن» دەپ قاراشقان.
شېكىسپىرنىڭ 1589 ـ يىلىدىن 1592 ـ يىلىغىچە يازغان
سەھنە ئەسەرلىرى پېمبروك تىياتىر ئۆمىكىدە ئوينالغان ھەم
ئۇ تۇنجى ئەسىرىنى گراف پېمبروكقا بېغىشلىغان ھەمدە
ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشىمۇ دەل ۋ. خ
بولغان. ئەمما، بۇنىڭدىمۇ گراف نېمە ئۈچۈن «ئەپەندى»
دېيىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلە تۇغۇلغان. كېيىندىنلا بەزى
تەتقىقاتچىلار: «ۋ. خ شېكىسپىر (William Himself) نىڭ
نەق ئۆزى» دەپ قاراشقان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە: «ۋ. خ
ئەپەندى ت. ت (تۇماس سوپ) نىڭ بىر ياردەمچىسى»،
«شېكىسپىرنىڭ جىيەنى ياكى خىزمەتدىشى» دېگەندەك
قاراشلارمۇ بولغان.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار بۇ 154 پارچە
سونېتنىڭ ئالدىنقى 126 پارچىسى شائىرنىڭ ئىنتايىن
كېلىشكەن بىر ياش دوستى (ئوغۇل) غا، كېيىنكى قىسمى
شائىر ياخشى كۆرىدىغان بىر نىگېر ئايال (153. ۋە 154.

www.uyghurkitap.com

سونېت بۇنىڭ سىرتىدا) غا قارىتىپ يېزىلغان، دەپ قاراشقان. بەزىلەر: «بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئادەمگە، يەنى شائىرنىڭ سۆيگەن ئادىمىگە بېغىشلاپ يېزىلغان» دېيىشسە، بەزىلەر: «شائىر ئالدىنقى 126 سونېتىدا بىر يىگىتكە بولغان ساداقىتى، مۇھەببىتى ۋە مەدھىيىسىنى ئىپادىلىگەن، ئېھتىمال، ئۇلار بەچچىۋاز بولۇشى مۇمكىن» دېيىشكەن. ئەمما بۇنداق قاراش رەددىيىگە ئۇچرىغان. گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق شېكىسپىرشۇناس دانئىل: «شېكىسپىر سونېتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەر پەقەت شائىرنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى» دېگەن. روسىيىلىك ئوبزورچىلار ۋە شېكىسپىرشۇناسلار ئىزچىل ھالدا: «شېكىسپىر سۇنېتلىرى — شائىرنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەينەن ئىپادىلىنىشى» دەپ ھېسابلىغان. ھازىر دۇنيادا «سونېتلاردا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شەخس — يىگىت بىلەن نىگېر ئايال رېئال شەخسلەر» دېگەن قاراش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئەمىسە، بۇنىڭدىكى كېلىشكەن يىگىت كىم؟ نىگېر ئايال كىم؟ بۇ سوئالغا ھازىرغىچە ئورتاق، قايىل قىلارلىق جاۋاب تېپىلمىدى. ئەگەر ۋ. خ ئەپەندىنىڭ كىم ئىكەنلىكى بېكىتىلسە، 'تەبىئىي ھالدا كېلىشكەن يىگىتنىڭ سالاھىيىتى مەلۇم بولىدۇ.

127 ـ سونېتتىن 152 ـ سونېتقىچە بولغان سونېتلاردا تىلغا ئېلىنغان نىگېر ئايالنىڭ كىملىكى توغرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. شائىرنىڭ تەسۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئايال تېرىسى قارا، شاللاق، ئەمما ئىنتايىن زور سېھرىي كۈچكە ئىگە؛ شائىرنىڭ سۆيگەن

ئادىمى شۇنداقلا شائىرنىڭ دوستى — كېلىشكەن يىگىت بىلەن غەيرىي مۇناسىۋىتى بار. ئەگەر ۋ. خ ئەپەندى راستىنلا گراف پېمبروك بولسا، بۇ ئايال گراف پېمبروكنىڭ ئاشنىسى مارى فىتتون (Mary Fitton) دۇر. ئۇ 1595 - يىلى 17 يېشىدا ئايال پادىشاھ ئوردىسىغا كەلگەن، ئىككىنچى يىلى ئايال پادىشاھ ئۇنىڭغا كېنىزەك دەپ نام بەرگەن. مارى بىلەن گراف پېمبروكنىڭ مۇھەببىتى ئوردا ئىچىدە نۇرغۇن پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغاچقا، گراف پېمبروك ئايال پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن زىندانغا تاشلانغان. «نىگېر ئايال — مارى فىتتون» دېگەن قاراشنى تۇنجى بولۇپ شېكىسپىرشۇناس توماس تايلېر ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ قاراشنى دراماتورگ بېرناردشاۋ قاتارلىقلارمۇ قۇۋۋەتلىگەن.

بۇ سونېتلاردا كېلىشكەن يىگىت بىلەن نىگېر ئايالدىن باشقا، يەنە شائىرنىڭ رىقابەتچىلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارمۇ شېئىر يېزىپ، شائىرنىڭ دوستى — كېلىشكەن يىگىتكە مەدھىيە ئوقۇپ، شائىرنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. دەسلەپتە بۇ رىقابەتچى بىرلا ئادەم، دەپ قارالغان، كېيىنچە ئوخشىمىغان بىر نەچچە ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن (بۇنىڭغا 82 -، 85 - ۋە باشقا سونېتلاردىن جاۋاب تېپىشقا بولىدۇ)، دېگەن قاراشلارمۇ پەيدا بولغان. ئەينى چاغدىكى شائىرلاردىن سپېنسېر، درايتون، ناش، چاپمان، دانئىل، بارنېس قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ياكى بىرنەچچىسى سونېتلاردا تىلغا ئېلىنغان رىقابەتچىلەر دېگەن قىياسلار بولغان.

گەرچە سونېتلاردا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەرنىڭ كىملىكىگە ھۆكۈم قىلىش تەس بولسىمۇ، ئاما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شېكىسپىرنىڭ سونېتلىرى سەھنە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. سونېتلار شەكىل جەھەتتىن لىرىك شېئىرلارغا مەنسۇپ ھەم بۇلاردا ئىپادىلەنگىنى سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتى بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ئۆز ھېسسىياتى. شۇڭا، ئۇلار بىزگە شېكىسپىرنىڭ دۇنيا قارىشى، ھايات قارىشىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ، شېكىسپىر سونېتلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

قارىماققا، بۇ سونېتلاردا مۇھەببەت، دوستلۇق ئىپادىلەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى «گۈزەللىك، چىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك (ھىممەت - شاپائەت)» تىن ئىبارەت. شائىر تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئۆزىنىڭ بۇ توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن:

«ماڭا ئۆلمەس تېما چىنلىق، گۈزەللىك، ھىممەت،
ئۆزگىرەر بۇ ئۈچى تۈرلۈك نەزمىگە ھەردەم.
ئىجادىم شۇ ئۆزگىرىشتىن يارىتار قىممەت،
تۇغار كۆركەم قىياپەتنى بولۇپ ئۇلار جەم.»

(105 - سونېتقا قاراڭ)

شائىرنىڭ نەزىرىدىكى گۈزەللىك قانداقتۇر يەككە مەنىدىكى گۈزەللىك بولماستىن، بەلكى گۈزەللىك، چىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك (ھىممەت ـ شاپائەت) نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گۈزەللىكتۇر. ئەگەر شائىرنىڭ دوستى — كېلىشكەن يىگىتنى گۈزەللىك، چىنلىق، ھىممەتنىڭ تىپىك ۋەكىلى دېسەك، نىگېر ئايال ئۇنىڭ دەل ئەكسى. چۈنكى، ئۇنىڭ «جىسمىدا سانسىز كەمچىلىك ـ ئېۋەن بار» (141 ـ سونېتقا قاراڭ)، ئۇ «تۆشەكتە بەرگەن ۋەدىنى بۇزدى»، «يېڭى شادلىق، يېڭى ئاداۋەتنى ياساپ چىقتى» (152 ـ سونېتقا قاراڭ). شائىر مۇشۇنداق نۇرغۇن ئىللەتلىرى بار «بىر بەدبەشىرە — كۆرۈمسىز ئايال» (144 ـ سونېتقا قاراڭ) نى يەنە نېمىشقا ياخشى كۆرىدۇ؟ شائىر ئۆزىمۇ بۇنداق مۇھەببەتنىڭ «گۇناھ» (142 ـ سونېتقا قاراڭ) ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتمايدۇ؟ چۈنكى، جىنسىي مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئۇنى بۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. گۇمانىزمچىلارنىڭ نەزىرىدە، مۇھەببەت چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ سۆيگۈ ھۇزۇرىنى قوغلىشىشى ئىگىلمەس ھەقىقەت. شېكىسپىر يۇرەكلىك ھالدا ئۆزىنىڭ «شەخسىي سىر» لىرىنى ئاشكارىلاپ، ئەنئەنىۋى يېڭى ئىتىكا قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۈچلۈك گۇمانىزملىق ئىدىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شېكىسپىر ئۆمرىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالە يېزىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما

سونېتلىرىدا، مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نۇقتىئىنەزىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ، ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، سەنئەتنىڭ ئۆمرى چەكسىز؛ شېئىردا ۋاقىتنىڭ ئورغىقىنى تورىيالايدىغان يۇكسەك قۇدرەت بار، دەپ قارىغان. ئۇ 18 ـ سونېتتا:

«خازان بولماس سېنىڭ گۈلگۈن ياز پەسلىڭ ئەبەد،
قالار كۆركەم لاتاپىتىڭ ساقلىنىپ ئۇزاق.
ساڭا ھەمراھ بولغاچ ئۆلمەس كۈي — شېئىر پەقەت،
ئەزرائىلمۇ قويالمايدۇ ئۆمرۈڭگە تۇزاق.
نادىر ئەسەر بۇ ئالەمدە بولمايدۇ خاراب،
سەن ئۇنىڭدا سانسىز ئەسىر ئۆتسەن ياشاپ»

دەپ يازغان. بۇ خىل قاراش ئۇنىڭ باشقا سونېتلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شېكسپىر سونېتلىرىغا ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، سەنئەت قارىشى، ئارزۇ ـ ئىنتىلىشلىرىنى سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئىپادىلەش، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنىمۇ سىڭدۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ سونېتلىرىدىكى پىكىر، ئىدىيە، ۋەزىن، تۇراق، بوغۇم، قاپىيە، رىتىم، ئاھاڭدارلىقلار بىر گەۋدىلىشىپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان، دۇنيادىكى مىليونلىغان كىتابخانلارنىڭ قەلب تارىنى تىترىتىپ كەلمەكتە.

شېئىر ئەسلىدە پىكىر، ۋەزىن، تۇراق، بوغۇم، قاپىيە، ئاھاڭدارلىق، رىتىملارنىڭ جۇغلىنىشىدىن پەيدا

بولغان بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەت ژانىرى ئىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى زامانغا كەلگەندە، ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە، بوغۇم، رىتىم، ئاھاڭدارلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر پىكىرنى ئىپادىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان «قاتمال رامكا» دەپ قارىلىپ، شېئىرىيەتنىڭ سەلتەنەتلىك ئوردىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. نەتىجىدە، بۈگۈنكى دەۋردىكى شېئىرلار، بولۇپمۇ چەت ئەل شېئىرلىرى پىكىردىن باشقا ھېچقانداق شېئىرىي ئالاھىدىلىكلەرنى تاپقىلى بولمايدىغان، شېئىر دېسە، شېئىر ئەمەس، نەسىر دېسە، نەسىر ئەمەس غەلىتە نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، شېئىرىيەت ئوردىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان شۇ ئالاھىدىلىكلەر شېئىرىي پىكىردىن ئىبارەت بۇ نازاكەتلىك، جەزبىدار قىزغا تېخىمۇ كۆركەملىك بەخش ئېتىدىغان پۈزۈر كىيىم ـ كېچەك ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل زىبۇزىننەت ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى پىكىرنى بوغۇپ قويىدىغان «قاتمال رامكا» دەپ قاراشنى شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا باي، ئەمما بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچى ئاجىز شائىرلارنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى يېپىش ئۈچۈن يۈزىگە ئارتىۋالغان رەڭدار چۈمبەل ۋە بەدىئىي تالانت جەھەتتىكى كەمتۈكلىكىنى پەردازلاش ئۈچۈن توقۇپ چىققان سەپسەتىسى دېيىشكە بولامدۇ قانداق؟ پەقەت ھەقىقىي تالانتلىق شائىرلارلا ئۆزىنىڭ مول شېئىرىي تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاشۇ «قاتمال رامكا» ئىچىدە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش شەرپىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. قېنى، بىزنىڭ قايسى بىر شائىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەركىن، ئۆزۈن ـ قىسقا جۈملىلىرىدە، بۇنىڭدىن

نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي «قاتمال رامكا»لار ئىچىدە ئىپادىلەپ بەرگەن ئاجايىپ پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان پىكىرلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلىدى؟ پۈشكىنغا ئوخشاش دۇنيا شېئىرىيىتى ئاسمىنىنىڭ چولپانلىرى ئەنە شۇنداق رامكىلار بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئۆلمەس شېئىرلارنى يېزىپ چىقتىغۇ؟ شېكسپىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇمىغىچە شائىر، يازغۇچى بولالمايدىغان غەرب دۇنياسىدىكى ئەدىبلەر شېئىرنىڭ بۇ ئېسىل زىبۇزىننەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن بىلمەسكە سېلىۋالدۇ ياكى ئۇنى ئەسەبىيلەرچە ئىنكار قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ياراتقان «كەشپىيات»ى زادى شېئىرىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردىمۇ ياكى بەرباتلىقتا يۈزلەندۈردىمۇ؟ ئېھتىمال، كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە، ھەممىدىن ئادىل ھۆكۈما — تارىخ بۇ مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

شېكسپىر سونېتلىرى تىلىدىكى گۈزەللىك، ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ دۇنيا شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل گۈزەللىكنى تەرجىمىدە ئەينەن، تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش — پۈتۈن دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلغان قىيىن مەسىلە. شۇڭا بۇ تەرجىمىدە ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تىل گۈزەللىكى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بەردىم، دېيەلمەيمەن. چۈنكى، مەندە بۇنداق كاتتا تالانت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئېنگلىز تىلىنى بىلمىگەچكە، تەرجىمە قىلىشتا پۈتۈنلەي خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاساس

قىلدىم. دېمەك، مېنىڭ تەرجىمەم تەرجىمىنىڭ تەرجىمىسى، خالاس. پەقەت شېئىردىكى ئىدىيە، دۇنيا قاراش، مەقسەتنى بىر قەدەر ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن بولسىلا، كۆڭلۈم ئەمىن تاپىدۇ. مەندەك ئاددىي تەرجىمە ھەۋەسكارىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تالانتلىق، كاتتا تەرجىمانلارنىڭمۇ ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان بۇنداق نادىر ئەسەرنىڭ بۇ خىل گۈزەللىكىنى قىلچە تۇغقانچىلىقى بولمىغان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ھۆددە قىلالىشى ناتايىن. بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىمنىڭ قانچىلىكلىكى ئۆزۈمگە ئايان بولغاچقا، تەرجىمەدە بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلمىدىم. مېنىڭ بۇنى تەرجىمە قىلىشتىكى نىگىزلىك مەقسىتىم، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا شېكسپىرنىڭ ئىدىيىسى، دۇنيا قارىشى، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بەدىئىي ئوخشىتىشلىرىنى تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا شېكسپىر سونېتلىرىدىكى ئىدىيە، دۇنيا قاراش ئۈستىدە بولسىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا كىچىككىنە چىغىر يول ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شېكسپىر كېلىشكەن ياش دوستىغا بېغىشلاپ يازغان 126 سونېتنىڭ بەزىسىنى 1 ـ شەخس تىلىدا يازسا، بەزىسىنى 2 ـ ۋە 3 ـ شەخس تىلىدا يازغان. مۇشۇ سونېتلارنىڭ ناھايىتى ئازلىرى (3 ـ ۋە 20 ـ سونېت قاتارلىق) دىن شائىرنىڭ ياخشى كۆرگەن، مەدھىيىلىگەن ئادىمىنىڭ بىر ئەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قالغان سونېتلاردىكى ھېسسىيات ۋە بەزى بايان،

www.uyghurkitap.com

ئاتالغۇلار (مەسىلەن: «يارىم» ، «سۆيۈملۈك سىڭلىم» ، «سۆيگۈڭنى ماڭا بەر» دېگەندەك) ئادەمدە ئۇنىڭ ياخشى كۆرگىنى، مەدھىيىلىگىنى بىر قىز دېگەن چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، 1 - ۋە 3 - شەخس تىلىدا يازغان سونېتلىرىدا 3 - شەخس كۆرسىتىش ئالماش «ئۇ» ، 3 - شەخسنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى «ئۇنى» ، 3 - شەخسنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى «ئۇنىڭ» دېگەنلەرنى ئىشلەتكەندە، ئېنگلىز تىلىدىكى ئەرلەرنى بىلدۈرىدىغان «he» ( «ئۇ» ) ، «him» ( «ئۇنى» ) ، «his» ( «ئۇنىڭ» ) دېگەنلەرنى ئىشلەتكەن (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىمۇ شۇنداق) . بۇنىڭدىن ئۇ ياخشى كۆرگەن ھەم مەدھىيىلىگەن ئادەمنىڭ ئەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمىسە، شائىر نېمىشقا «يار» ، «جانان» ، «نىگار» ، «دىلبەر» ، «كۆيدۈم» ، «سۆيدۈم» ، «سۆيگۈڭنى بەر» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللانغان؟ ئۇيغۇرچە تەرجىمىدىكى «يار» ، «جانان» ، «نىگار» ، «دىلبەر» دېگەنلەر خەنزۇچە تەرجىمىدىكى « 爱人 » نىڭ تەرجىمىسى. ھالبۇكى، بۇلار ئېنگلىزچە ئەسلى نۇسخىسىدا «love» ( «مۇھەببەت» ، «سۆيمەك» ، «ياخشى كۆرمەك» ) دەپ ئېلىنغان. ئېھتىمال، بۇ، ئېغىز تىلىمىزدا «لايىقى» ، «سۆيگۈنى» دېگەننى «مۇھەببىتى» دەپ ئاتىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش ئادەت سۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، شائىر نېمە ئۈچۈن دوستىغا سۆيگۈ - مۇھەببەتكە خاس سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ، «مېنى سۆي» ، «سېنى سۆيدۈم» ، «سۆيگۈمنى قوبۇل قىل» ، «سۆيگۈڭنى ماڭا بەر» دەپ

يازغان؟ روسىيىلىك شېكىسپىرشۇناس مولوزوۋنىڭ مارساك تەرجىمە قىلغان «شېكىسپىر سونېتلىرى» نىڭ روسچە نەشرىگە يېزىپ بەرگەن سۆزىگە قارىغاندا، ئەينى يىللاردا «مۇھەببەت» ۋە «دوستلۇق» دېگەن ئىككى سۆز ئېنگلىز تىلىدا پەقەت «love» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادە قىلىنىدىكەن. مەن شېكىسپىر سونېتلىرىنىڭ چەت ئەل تىللىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدا «love» نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ «مۇھەببەت»، «دوستلۇق» دېگەندەك مەنىلەردە تەرجىمە قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇ سۆز خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە «مۇھەببەت»، «يار»، «جانان»، «نىگار»، «سۆيۈش» دېگەندەك مەنىلەردە تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا مەنمۇ شۇ بويىچە تەرجىمە قىلدىم. يەنە قىسمەن سونېتلاردا «دوستۇم» دېگەن سۆزمۇ قوللىنىلغان (ئېنگلىزچە ئەسلى نۇسخىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا)، بۇنداق ئورۇنلاردا مەنمۇ «دوستۇم» نى ئىشلەتتىم.

مېنىڭ بۇ تەرجىمەمدە مەنەن جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغان نۇرغۇن خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، خەنزۇچە كوللېكتىپ توپلاملاردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان بەزى سونېتلارنى قولۇمدىكى خەنزۇچە بەش خىل تەرجىمە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردا مەلۇم مەنەن خاتالىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم ھەم ئۇلارنى قايتىدىن تۈزىتىپ چىقتىم. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تۇرلۇك ئېھتىياج تۇپەيلىدىن بىر قىسىم سۆزلەرنى قىسقارتىۋەتسەم، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنى قوشتۇم.

www.uyghurkitap.com

ئېھتىمال، قىسقارتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى قىسقارتىپ، قوشۇشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى قوشۇپ قويغاندىمەن. شۇڭا، كىتابخانلار، كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە ئۇستازلارنىڭ مەيلى مەنەن جەھەتتىكى خاتالىقنى بولسۇن ياكى سۆز قوشۇش - قىسقارتىش جەھەتتىكى خاتالىقنى بولسۇن ۋە ياكى باشقا تەرەپلەردىكى خاتالىقلارنى بولسۇن، قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي كۆرسىتىپ بېرىپ، تەرجىمەمنىڭ تېخىمۇ پۇختىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداقلا مېنىڭ بۇ تەرجىمەمنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى بىردىنبىر تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ قالماسلىقىنى، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭمۇ بۇنى تەرجىمە قىلىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇ چاغدا، شېكسپىر سونېتلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە مۇكەممەل بىر ياكى بىر نەچچە خىل تەرجىمە نۇسخىسى ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن!

1998 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

**ئىزاھات:**

*يۇقىرىقى ماقالەمنى يېزىشتا تۇگەن، چېن سەيىيۇ قاتارلىقلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدىن مۇۋاپىق پايدىلاندىم، كىتابخانلارنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى سورايمەن.*

**- تەرجىماندىن**

مەسئۇل مۇھـەررىرى: **مۇھەممەت ئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **خۇدابەردى خېلىل**

# شېكسپىر سونېتلىرى

**تەرجىمە قىلغۇچى: جاسارەت تاش**

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون: 010-64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1999-يىل 9-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 9-ئايدا ئۈرۈمچىدە 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 7.20 يۈەن سانى: 0001—3000

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 7-105-03506-4

9 787105 035069 >

ISBN 7-105-03506-4/I · 352
维文(维162)　定价: 7.20元